

BULAK

# بۇلاق

5
2014

ISSN 1005-0876

源泉 (布拉克) ⊙ BULAK

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئېلىندى (خوتەن قەغىزى)    مەمەت نەۋبەت يازغان

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

36 - يىل نەشرى ئومۇمىي 158 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

عجب شیدالار نوبهار سن
عاجز بیچاره لارغه خوبلار سن

علی شیر سلطان خانلار سن
چین شیر سلطان دانالار سن

# بۇلاق

2014 ـ يىللىق 5 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى　　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت


## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى «يىغلاڭغۇ بۇدساتۋانىڭ ھېكايىسى» ........................................ (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رازىيە نۇرى


### شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


ئىبرەتلىك ھېكايىلەر ........................................................................ (33)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇنەۋۋەر ھەببۇللا

يوشۇرۇن مەرۋايىتلار ........................................ ئەلى ئىبنى مۇسا ئەررىزا (49)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش


### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر


فارابىينىڭ نەزەرىدە شائىرلىق ........................................ ئابدۇخەبەر سۇلايمان (66)

## تىل، تارىخ، مەدەنىيەت

سىركىچىلىك ھۈنەر ـ تېخنىكىمىزغا دائىر بايانلار ...................... ئابلىز مۇھەممەد سايرامىي (72)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

تۈتۈرگە رىۋايەتلىرىدىن تاللانمىلار ...................... (84)
توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: غەيرەتجان ئوسمان، مىجىت ئوسمان
قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىن تاللانمىلار ...................... (101)
توپلاپ رەتلىگۈچى: يەھيا سادىق
سېھىرلەنگەن پادىشاھ ...................... (105)
توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەد ئوسمان ئەمرى
ھەقىقىي ئوغرى كىم؟ ...................... (111)
توپلاپ رەتلىگۈچى: يۈسۈپ ئەھمىدى

※ ※ ※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: بارچۇق ئارت تېكىن (رەسسام: ئابدۇراخمان ئابلىز)

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇتەللىپ ئىسمايىل
ياردەمچى مۇھەررىرى: دىلئارام باھاۋىدىن
كوررېكتورى: ئارزۇگۈل كېرەم
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@aliyun . com
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى «يىغلاغۇ بودساتۋانىڭ ھېكايىسى»*

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رازىيە نۇرى

432. amtïqï <u>közüngü</u>či ol burhanlar

adroq adroq uγrïn mini ögä küläyü üṭläp ärigläp

432) ھازىر كۆرۈنگەن بۇرخان ھەر خىل سەۋەبلەردىن مېنى مەدھىيەلەپ، ماختاپ، نەسىھەت قىلىپ،

27 ـ بەت

433. artoqraq ögirtdürüp <u>köŋül</u>ümin qandurup

434. anïŋ ara yitlinip közünmäz boldïlar.

433 ـ 434) مېنى خۇشال قىلىپ، خۇرسەن قىلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈنمەس بولدى.

132

435. anta basa m(ä)n dyanïmtïn turup burhanlarïγ körmämäk üzä

436. aḍïnu muŋadu inčä tep <u>saqïntïm</u>:

‘amtïqï bo <u>közüngü</u>čï burhanlar

437. ašnuča qayutïn käldilär ärti? amtï yänä qayuqa bardïlar ärki?’ tep.

435) ئۇنىڭدىن كېيىن مەن دىيانىمدىن تۇرۇپ بۇرخانلار كۆرۈنمىگەنلىكتىن،

436) ھەيران بولۇپ مۇنداق ئويلىدىم:

437) «ھازىر كۆرۈنگەن بۇرخانلار ئاۋۋال قەيەردىن كەلگەن بولغىيتتى؟ ئەمدى يەنە نەگە كەتتى»

133

438. ayayu öṭünür m(ä)n amtï <u>uluγ</u> bahšï-ya!

ančata <u>közüngüči</u> burhanlar

439. ašnuča qayutïn käldilär ärti?

anta ken yänä qayuqa bardïlar?

---

* بېشى ئالدىنقى ساندا.

438) سىزدىن ھۆرمەت بىلەن ئۆتۈنىمەن، ھەي، ئۇلۇغ ئۇستاز،
439) ئۇ چاغدا كۆرۈنگەن بۇرخانلار نەدىن كەلدى؟ كېيىن يەنە نەگە كەتتى؟
134

440. 8 adïrṭl(ï)γ odγuraq bäkiz bälgülüg
ača adïra uqïṭu nomlap
441. arvïl(a)mïš sezikimin üzüp
asïγlïγ qïlïp ögirṭtürzün" tep.
darma udgaṭi bodis(a)tv 442. yarlïqadï: "tözünlär oγulï-a!

440) ماڭا ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ
441) مېنىڭ بۇ شۈبھەمنى ئۈزۈپ، ماڭا مەرھەمەت كۆرسەتكەن بولسىلا!
دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋا
442) سۆزلىدى: — ئېسىل ئوغلان،
135

443. alqu nom tözi kälmäksiz barmaqsïz üčün
ančulayu kälmišlär ymä kälmäksiz barmaqsïz ärür.
444. aniŋ tïlṭaγï nägü ärür tesär
445. alqu nomlarnïŋ činžu tegmä ärṭöktäg kertü tözi täpränčsiz üčün

443) پۈتۈن نوملارنىڭ ماھىيىتى كەلمەكسىز، بارماقسىز بولغانلىقتىن تاتاگاتالار يەنە كەلمەكسىز، بارماقسىز دۇر.
444) بۇ نە سەۋەبتىن دېگەندە،
445 بارچە نوملارنىڭ چىنژۇ① دېيىلىدىغان ئەردۆكتەكنىڭ چىن ماھىيىتى تەۋرەنمەس بولغانلىقى ئۈچۈن.

446. ärtöktäg kertü töz qayu ärsär. 136
ädgün barmïšlar ymä ol oq ärür
447. ädgü ayïγ nomlarnïŋ činžu tözi
ädgün barmïšlarnïŋïnda öŋi ärmäz üčün

446) ئەردۆكتەكنىڭ چىن ماھىيىتى قانداق بولسا سۇگاتالار شۇنداق بولغانلىقتىن،
447) ياخشى، يامان نوملارنىڭ ئەردۆكتەك ماھىيىتىنىڭ سۇگاتالارنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئەردۆكتەكنىڭ چىن ماھىيىتى قانداق بولسا سۇگاتالارنىڭمۇ شۇنداق بولىدۇ.
28 ـ بەت
137

448. alqu nom uγušï kälmäksiz barmaqsïz üčün
449. ančulayu kälmišlär ymä kälmäksiz barmaqsïz ärür.
alqu nom uγušï qayu ärsär

450. ančulayu kälmišlär ymä ol üčün

yänä ymä alqu nomlarnïŋ činžu tözi 451.

qavïšdačï ymä ärmäz, qarïldačï ymä ärmäz :

yalŋuz <u>bir</u> bälgülüg ärür ol.

452. qayu ol tesär qaltï bälgüsüz teṭir.

taqï ymä, tözünlär oɣulï- 453. ya,

alqu nomlarnïŋ činžu tözi bir ärmäz, <u>iki</u> ärmäz,

ančulayu oq 454. yüz mïŋta ulaṭï ärmäz.

nä üčün tep tesär

alqu nomlarnïŋ činžu tözi 455. santïn ülgütin öŋi keṭmïš üčün, bir ärmäz

tözlüg üčün.

inčä456 qaltï yelviči äränlär

atlïɣ yaŋalïɣ qaŋlïlïɣ yadaɣ sü

448) بارلىق نوم ئۇرۇقى كەلمەكسىز، بارماقسىز بولغانلىقى ئۈچۈن،
449) تاتاگاتالار يەنە بارماقسىز، كەلمەكسىزدۇر.
بارچە نوم ئۇرۇقى قانداق بولسا
450) تاتاگاتالارمۇ شۇنداق بولغانلىقتىن، بارلىق نوملارنىڭ ئەردۆكتەك ماھىيىتى
451) ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ ھەم ئېلىشىپ كەتمەيدۇ. پەقەت بىر بەلگىلىكلا بولىدۇ. 452) بەلگىسى
قانداق دېسە، بەلگىسىزدۇر.
يەنە ئېسىل ئوغلان،
453) بارلىق نوملارنىڭ ئەردۆكتەك ماھىيىتى بىر ئەمەس، ئىككى ئەمەس،
454) يۈزمىڭمۇ ئەمەستۇر. نېمە ئۈچۈن دېگەندە، بارچە نوملارنىڭ ئەردۆكتەك ماھىيىتى
455) سان ـ ساناقتىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر ماھىيەتلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى
456) سېھىرگەر ئەرەنلەر

138

457. ančulayu oq ud qoynta ulaṭï

adroq adroq ädlärig bälgürṭüp

458. anïŋ ara yänä yitlindürsär

köŋültä nätäg ol? ol sü čärigtä ulaṭï

ئاتلىق، پىللىق، پىيادە قوشۇن
457) ھەمدە ئۆي ۋە قوي قاتارلىق ھەر خىل بايلىقلارنى پەيدا قىلىپ،
458) ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يوق قىلسا

139

459. köp qamaγ öŋi öŋi äd tavarlar

460. közünmiš üdtä qayutïn kälirlär?

körginčä ara yänä qayuqa barïrlar?" tep.

461. saḍapira urudita bodisatv sözlädi:

459) سەن قانداق ئويلايسەن؟ «كۆرۈنگەن ئاشۇ قوشۇن، چېرىك ۋە

460) نۇرغۇنلىغان تۈرلۈك بايلىقلار قەيەردىن كەلدى؟ كۆرۈنۈپلا يەنە قەيەرگە كەتتى؟» دەپ ئويلامسەن؟

461) ساداپىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋا سۆزلىدى:

140

462. "ayaγuluq bahšï-ya! ol yelvi küčintä közünür ädlär

arïṭï näŋ čïn kertü ärmäz ärip

463. anï yänä nätägin sözlägäli bolγay

andïn kälti muŋa bardï tep."

darma464 uḍgati bodisatv sözlädi:

462) ـــ ھۆرمەتلىك ئۇستاز، سېھىرگەرلىكتىن پەيدا بولغان ئۇ بايلىقلار ھەقىقىي ئەمەس،

463) شۇڭا ماۋۇ يەردىن كەلگەن ماۋۇ يەرگە باردى دەپ قانداق سۆزلىگىلى بولسۇن؟ ـــ دېدى.

دارما ئۇدگاتى بودساتۋا سۆزلىدى:

141

"antaγ ol, antaγ ol, tözün oγul!

464) ـــ شۇنداق، شۇنداق، ئېسىل ئوغۇل،

29 ـ بەت

465. anï täg yelvi küčindä közünür ädlärig

adqansar barmaqï kälmäki bolur tep

466. artoqraq biligsiz tömkä aṭanur.

 ančulayu oq ymä kimlär birök adqansar

465) ئۇنداق سېھىرنىڭ كۈچىدىن پەيدا بولغان بايلىقلارنى بارمىقى ـ كەلمىكى بار دەپ ئويلىسا،

466) ناھايىتى بىلىمسىز نادان ئاتىلىدۇ.

142

467. alqu burhanlar bar kälmäk barmaqï tep,

anï täg adqantačï kišilärig

468. adïrtl(ï)γ oḍγuraq biligsiz tömkä ärür tep bilmiš kärgäk.

شۇڭا، كىمكى ئەگەردە

467) بارچە بۇرخانلارنىڭ كەلمىكى ـ بارمىقى بار، دەپ ئويلىسا
468) بۇنداق ئويلىغانلارنى بىلىمسىز نادان دەپ بىلىش كېرەك.
143

469. nä üčün tep ṭesär

ančulayu kälmišlärig bolmaz öŋ körk üzä <u>körgäli</u>.

470. nätägin tesär,

ančulayu kälmišlär nomluγ ätöz üčün.

469) نېمە ئۈچۈن دېگەندە، تاتاگاتالارنى تۈس، ئۆڭ بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ.
470) بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدىن دېگەندە، تاتاگاتالار نوملۇق ۋۇجۇد بۇددانىڭ ئۈچ خىل تېنىنىڭ بىر خېلى، يەنى شەكىلسىز تېنىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇر.
144

471. nomluγ ätöz qayu ärsär alqu nomlarnïŋ činžu tözi

472. nom uγuši̇ ymä ol oq ärür.

473. nom uγušnuŋ kälmäki barmaqï bar tegäli bolmaz üčün

alqu ančulayu kälmišlärniŋ

474. nomluγ ätözi ymä kälmäksiz barmaqsïz ärür.

aẓuča ärsär ymä köy(ü)rgän quyašta saqïγ täpräp

471) نوملۇق ۋۇجۇد قانداق بولسا بارچە نوملارنىڭ ئەردۇكتەك ماھىيىتى،
472) نوم ئۇرۇقىمۇ شۇنداق بولىدۇ.
473) نوم ئۇرۇقىنىڭ كەلمىكى ـ بارمىقى بار دېگىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بارچە تاتاگاتالارنىڭ
474) نوملۇق ۋۇجۇدى كەلمەكسىز، بارماقسىزدۇر
145

475. aqïlïp särilip köẓündökdä

476. aḍïrtlayu bilmädäči biligsiz äränlär

anï suv saqïnïp ičgäli umunurlar.

ياكى بولسا قۇياشنىڭ يېنىشى سەۋەبىدىن ئېزىتقۇ كۆرۈنۈپ
475) سۇ ئاققاندەك كۆرۈنسە،
476) بۇنى چۈشىنەلمىگەن نادان ئەرەنلەر بۇنى سۇ دەپ ئويلاپ ئىچمەكچى بولىدۇ.
146

477. amtï säniŋ köŋülüŋdä saqïnγïl,

478. aqïlïp särilip köẓüngüči bo suvlar

aẓu öŋdünki taloytïn mu?

479. ančulayu oq kedinki kündünki taγdïnqï taloytïn mu käldi?" tep.

477) سەن ئەمدى كۆڭلۈڭدە ئويلاپ باق،
478) ئېقىپ چۈشكەن بۇ سۇ شەرق تەرەپتىكى دېڭىزدىن كەلدىمۇ
479) ياكى غەربتىكى، جەنۇبتىكى ياكى شىمال تەرەپتىكى دېڭىزدىن كەلدىمۇ؟
147

480. saḏapira uruḏiṭa <u>bodisatv</u> <u>sözlädi</u>:
“ saqïynïŋ tözi suv ärmäz ärip,

480) سادابىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋا سۆزلىدى:
— ئېزىتقۇنىڭ ماھىيىتى سۇ ئەمەس.

30 ـ بەت

481. saqïnsar tiläsär kälmiš taloyïn
482. sanaγuluq ol anï biligsizlär käzigindä.” tep.
darma uḏgaṭi <u>bodisatv</u> yarlïqadï:
“ antaγ ol, antaγ ol, tüz- 483. ünlär oγulï-ya!
inčä qaltï <u>uluγ</u> taloytaqï ärdinilig oṭruγlar
484. -taqï

481) بۇ سۇنىڭ كەلگەن دېڭىزىنى ئويلىسا
482) ئۇنى بىلىمسىز دەپ سانىغۇلۇق.
دارما ئۇدگاتى بودساتۋا سۆزلىدى:
— شۇنداق، شۇنداق، ھەي ئېسىل
483) ئوغلان، چوڭ دېڭىزدىكى گۆھەرلىك ئاراللار 484) دىكى
148

485. alqïnčsïz üküš čïn ärdinilär
486. anï näŋ tïnl(ï)γlar eṭip säpip qïlmïš ärmäz,
487. adïn öŋi orontïn ymä kälmiš ärmäz ärip
488. alqu tïnl(ï)γlarnïŋ ädgü qïlïnč ärksinmäkintä bar bolup
arṭayur kalpta yänä ol ärdinilär

485) سان ـ ساناقسىز كۆپ گۆھەرلەرنى
486) ھېچقانداق ئىنسان ياساپ ياكى تاشلاپ قويمىغان
487) ياكى باشقا جايدىنمۇ كەلمىگەن بولۇپ،
488) بارچە ئىنسانلارنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرىدىن پەيدا بولغان.
149

489. ayïγ qïlïnč ärksinmäkintin yoqadïp
490. alqu buluŋ yïŋaqlarta barmïš oronïn tiläsär,
arïṭï bulγalï bolmamïšï täg,

بۇ گۆھەرلەر قانداق ۋاقىتتا يوقىلىدۇ دېگەندە،
489) ئىنسانلار يامان ئىشلارنى قىلغانلىقى سەۋەبىدىن يوقىلىدۇ.
490) ئەگەر بارلىق بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا بارغان ئورنىنى ئىزدىسە ھەرگىز تاپقىلى بولمىغاندەك
150

491. ančulayu oq ymä alqu nomlar kälmäksiz barmaqsïz ärür.

492. alqu nomlar nätäg kälmäksiz barmaqsïz ärsär

493. ančulayu kälmišlär ätözläri anṭaγ oq kälmäksiz barmaqsïz

eṭilmäksiz buzulmaqsïz ärip

494. arïγ ädgü qïlïnčlarnïŋ tüšindä bälgülüg bolmïš ärür." tep.

491) بارچە نوملار بارماقسىز ـ كەلمەكسىزدۇر.
492) بارچە نوملار قانداق بارماقسىز ـ كەلمەكسىز بولسا
493) تاتاگاتالارنىڭ ۋۇجۇدى يەنە شۇنداق كەلمەكسىز، بارماقسىز، يارىتىلماقسىز، بۇزۇلماقسىز بولۇپ،
494) ھۆرمەتلىك ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ نەتىجىسىدە بەلگىلىك بولغان بولىدۇ.
151

495. ayaγ<qa> tägimlig darma uḍgaṭi bodisatv munï täg

496. alqu kertütin kälmišlärniŋ kälmäksiz barmaqsïz tözin nomlamïš üdtä

495) ھۆرمەتكە سازاۋەر دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋا مۇشۇنداق
496) بارچە سۇگاتالارنىڭ كەلمەكسىز، بارماقسىز ماھىيىتىنى سۆزلىگەن ۋاقىتتا،
31 ـ بەت

497. ayïr uluγ bo üč mïŋ uluγ mïŋ yertinčü yer suvlar

498. altï törlüg yayïldï, yayqaldï täprädi, qamšadï.

497) بۇ ئۇلۇغ ئۈچ مىڭ دۇنيادا يەر، سۇلار
498) ئالتە تۈرلۈك يېيىلدى، چايقالدى، تەۋرەندى، تىترىدى.
152

alqu qamaγ š(ï)mnu qanlarï ordolarï qaršïlarï

499. artoqraq čoγsuz yalïnsïz öŋsüz öläz bolup

500. ayïγ saqïnčlïγ š(ï)mnu qanlarï terinläri quvraγlarï birlä

501. ayï qodru qorqdïlar äymändilär.

بارچە شىمنۇلار خانلىرىنىڭ ئوردىلىرى
499) نۇرلىرىنى يوقىتىپ خۇنۇك، رەڭسىز بولۇپ،
500) يامان نىيەتلىك شىمنۇلار خانى جامائەسى بىلەن بىللە
501)دەھشەتلىك قورقتى، ئەيمەندى.
153

502. ötrü ol üdün bo yertinčülärtäki näčä sögütlär ïγačlar otlar yašlar ärsär

503. üdsüz qolosuz yašarïp hw<a>lanïp

504. ülgülänčsiz ädgülüg darma uḍgaṭi bodisatvqa yülügïn

505. öglüg köŋüllüg kiši täg äŋiṭü turdïlar.

akaš kök qalïq yüzintin

502) شۇ چاغدا بۇ دۇنيادا قانچىلىك سۆگەتلەر، دەرەخلەر، ئوتياشلار بولسا

503) ۋاقىتسىز ياشىرىپ، چېچەكلەپ،

504) ھەددى ـ ھېسابسىز ساۋاب ئىگىسى دارما ئۇدگاتى بودساتۋانىڭ ئالدىدا

505) خۇددى تىرىك ئادەمدەك تەزىم قىلىپ تۇردى.

154

506. adroq adroq t(ä)ŋridäm yïd yïpar hwa čäčäklär yaydïlar.

507. alqu äzrua hormuzta bašïn t(ä)ŋrilär kök qalïqta oyun ätiẓip hwa sačïp.

508. aγïr ayaγ tapïγ qïlïp ögdilär küllädilär.

ئاسمان يۈزىدىن

506) تۈرلۈك ـ تۈمەن خۇش پۇراق ئىپارلار، گۈل ـ چېچەكلەر ياغدى.

507) بارلىق خورمۇزتا باشلىق تەڭرىلەر كۆك ئاسمانغا قاراپ چالغۇ چېلىپ گۈل چېچىپ

508) ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلدۈرۈپ مەدھىيەلىدى، ماختىدى.

155

509. anta basa saḍapira uruḍita bodisatvqa hwa sačïp tapïγ uduγ qïlïp

510. alqu barča bir ünin ögä küläyü sözlädilär:

511. "amtï biz siziŋ tïlṭaγïŋïzta äšidgäli bolt(u)muz munï täg

509) ئاندىن كېيىن ساداپىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋاغا گۈل چېچىپ ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلدۈرۈپ

510) ھەممىسى بىر ئاۋاز بىلەن ماختاپ سۆزلىدى:

511) ـــ ئەمدى بىز سىزنىڭ ۋەجىڭىزدىن مۇنداق

32 ـ بەت

512. adroq yeg suqančïγ nomlarïγ" tep.

512) ئېسىل نوملارنى ئاڭلىيالىدۇق.

156

513. anta ötrü saḍapira uruḍiṭa bodisatv

514. ayasïn qavšurup darma uḍgaṭi bodisatvqa inčä tep tedi:

515. "ayaγuluq uluγ bahšï-ya! nä üčün munï täg yaγïz yer täpräp

516. aḍïnčïγ muŋadïnčïγ irü bälgülär közünür ärki?" tep.

513) ـ 514) ئۇنىڭدىن كېيىن ساداپىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋا ئالقىنىنى جۈپلەپ دارما ئۇدگاتى بودساتۋاغا مۇنداق دېدى:

515) — هەي، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇلۇغ ئۇستازىم، نېمە ئۇچۇن قوڭۇر يەر تەۋرەپ
516) ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئالامەتلەر كۆرۈنىدۇ؟
دارما ئۇدگاتى بودساتۋا سۆزلىدى:

157

517. "ay tözün<lär> oγlï-ya! sän maŋa

518. alqu burhan<larnïŋ> qayutïn kälip qayu<qa> barmïšlarïn ayïttoqda

519. anïŋ tïltaγïnda keŋürü nomlamaqïm üzä burhanlarnïŋ kälmäksiz barmaqsïz tözin,

520. amtï bo quvraγ arasïnda säkiz miŋ tïnl(ï)γ tuγmaqsïz nom taplaγïn buldïlar.

517) — هەي ئېسىل ئوغلان، سەن مەندىن
518) بارچە بۇرخانلارنىڭ قەيەردىن كېلىپ قەيەرگە بارغانلىقىنى سورىغاندا،
بۇنىڭ ۋەجى بىلەن بۇرخانلارنىڭ كەلمەكسىز - بارماقسىزلىق ماھىيىتىنى تەپسىلىي سۆزلىگەن ۋاقتىمدا،
520) بۇ جامائەت ئارىسىدا سەككىز مىڭ جانلىق تۇغماقسىز - تۇغۇلماقسىز نوم ھەقىقىتىگە ئېرىشتى.

158

521. anta basa säkiz on nayut tïnl(ï)γlar burhan qutïŋa bäk köŋül örittilär.

522. ančulayu oq säkiz tümän tört miŋ tïnl(ï)γlar nizvanilïγ kirlärtin ïraq öŋi üdrülüp

523. alqu nomlarda nomluγ arïγ közüg buldïlar.

524. anï üčün munï täg taŋlančïγ muŋadïnčïγ irü bälgülär boldï." tep.

525. bo y(a)rl(ï)γïγ äšidip sadapira urudita bodisatv ögirü526. sävinü inčä tep tedi:

"amtï bulmïš m(ä)n ädgülüg asïγïγ.

521) ئۇنىڭدىن كېيىن سەكسەن نايۇت جانلىقلار بۇرخان قۇتىغا تەۋرەنمەس كۆڭۈل تۇرغۇزدى،
522) يەنە سەككىز تۈمەن تۆت مىڭ جانلىقلار نىزۋانىلىق كىرلاردىن يىراقلىشىپ
523) بارچە نوملاردا نوملۇق پاك كۆزگە ھەممىنى كۆرەلەيدىغان كۆز دېگەن مەنىدە. ئېرىشتى.
524) بۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئاجايىپ ئالامەتلەر كۆرۈلدى، — دېدى.
525) بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ساداپىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋا خۇشاللىنىپ
526) سۆيۈنۈپ مۇنداق دېدى:
— ئەمدى بۇگۈن كاتتا پايدىغا ئېرىشتىم.

159

527. ačïnduru ötünmäkim üzä siziŋä

528. ančulayu kälmišlärniŋ kälmäksiz barmaqsïz tözin,

527) سىزدىن ئۆتۈنۈش ئارقىلىق
528) تاتاگاتالارنىڭ كەلمەكسىز - بارماقسىزلىق ماھىيىتىنى

160

529. amtïta ïnaru mäniŋ burhan qutïnda arïṭï bolmazun seziklig saqïnčïm.

530. anagat kälmädök üdtä burhan qutïn bulup

531. alquqa asïγ qïlayïn sizni täg ök” tep.

529) بۇنىڭدىن كېيىن مەندە بۇرخان قۇتىغا ھېچقانداق شۇبھەم بولمىغاي.
530) كەلگۈسىدە بۇرخان قۇتىغا ئېرىشىپ،
531) خۇددى سىزدەك ئىنسانلارغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزگەيمەن.

161

532. ančulayu qut qolu tükäṭip saḍapira uruḍiṭa bodisatv

533. altïlï birli tal sögüt turqïnča kök qalïqqa yoqlap inčä tep saqïntï: “amtï m(ä)n bahšïm darma uḍgaṭi bodisatvqa

534. aẓu nägü üzä tapïγ uduγ qïlayïn ärki?” tep.

532) مۇشۇنداق ئىلتىجا قىلىپ بولۇپ ساداپىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋا
533) يەتتە سۆگەت ئېگىزلىكىدە ئاسمانغا يۇقىرىلاپ چىقىپ مۇنداق ئويلىدى: «ئەمدى مەن ئۇستازىم دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋاغا
534) نېمە بىلەن ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلدۈرەرمەن؟»

162

anta ötrü hormuzta t(ä)ŋri

535. adroq adroq t(ä)ŋridäm hwa čäčäklärig bodisatvqa ančolap 536 inčä tep tedi:

537. “amtï bo hwa čäčäklär üzä darma uḍgaṭi bodisatvqa tapïγ qïlïŋ.

538. anï üzä biz ymä siziŋ ädgülük išiŋizkä art basut bolmïš sizing bolalïm” tep.

ötrü saḍapira urudita 539. bodisatv ol hwa čäčäklärig alïp darma uḍgaṭi bodisatvqa sačïp 540. tapïγ uduγ qïlu tükäṭtökdä kök qalïqtïn qudï enip

ئۇنىڭدىن كېيىن خورمۇزتا تەڭرى
535) ھەر خىل ئېسىل ئىلاھىي گۈل ـ چېچەكلەرنى بۇدساتۋاغا ھەدىيە قىلىپ
536 مۇنداق دېدى:
537 ـــ ئەمدى بۇ گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن بۇدساتۋاغا ھۆرمەت بىلدۈرۈڭ.
538) بىز سىزنىڭ ساۋابلىق ئىشىڭىزغا ياردەمچى بولايلى، ـــ دېدى.
ئاندىن كېيىن ساداپىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋا
539) بۇ گۈل ـ چېچەكلەرنى ئېلىپ دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋاغا چېچىپ
540) ھۆرمەت بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاسماندىن چۈشۈپ

163

541. adaqlïγ lenhw<a>sïnda yinčürü yükünüp

541) پۈتلۈق نېلۇپەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ

34 ـ بەت

542. ayasïn qavšurup inčä tep ötünti:

543. "amtï bukünki kün bašlap m(ä)n. alqu özüm siziŋä sanlïγ bolup

ayayu tapïnu täginür m(ä)n." tep.

anča 544. sözläyü tükätip sadapira urudita bodisatv bayaγut qïzï birlä

545. alqu kälürmiščä tapïγ uduγ yeviglärin

ančulayu beš yüz tapïγ- 546. čï qïzlarïγ beš yüz šïŋ qaŋlïlar birlä

ymä darma udgati bodisatvqa ančolap inčä tep tedilär:

ئالقانلىرىنى جۈپلەپ مۇنداق دېدى:
542) ــ بۈگۈندىن باشلاپ مېنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم سىزگە تەۋە بولۇپ،
543) سىزگە ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلدۈرۈپ ئۆتىمەن. مۇشۇنداق
544) سۆزلەپ بولۇپ ساداپىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋا باينىڭ قىزى بىلەن بىللە
545) ئېلىپ كەلگەن ھۆرمەت ـ ئىكرام ئەشيالىرىنىڭ ھەممىسىنى ھەمدە
546) بەش يۈز خىزمەتچى قىز ۋە بەش يۈز ھارۋا بىلەن بىللە يەنە دارما ئۇدگاتى بودساتۋاغا ھەدىيە قىلىپ مۇنداق دېدى:

164

547. "amtï bo beš yüz qïzlar birgärü

ayayu tapïnzunlar siziŋä.

548. ančulayu oq beš yüz šïŋ qaŋlïlarïγ ymä

549. alqunï barča köŋülčä išlätü yarlïqazun" tep.

anta ötrü darma udgati bodisatv 550. sadapira urudita bodisatvnïŋ

ädgülüg yïltïzïn bütürgälir 551. bïšurγalïr üčün

ančolamïščа tapïγ uduγlarïn

alqu täginü 552. tükädökdä

antaq(ï)ya oq yänä sadapira urudita bodisatvqa yanduru 553 berip

kün battoqda oronïntïn turup ordosïŋa 554 kirü yarlïqadï.

ol üdün sadapira urudita bodisatv inčä tep saqïntï:

555. "mäniŋ munda kälmäkim ärsär, uγrayu pir(a)tya

p(a)ramit nom ärdini üčün

556. kältim ärti amtï maŋa yaramaγay oloγalï yatγalï amru ištim.

547) ـــ ئەمدى بۇ بەش يۈز قىز بىلەن سىزگە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.
548) ھەممە بەش يۈز ھارۋا بىلەن يەنە
549) ھەممىنى خالىغىنىڭىز بويىچە ئىشلەتكەيسىز.
ئۇنىڭدىن كېيىن دارما ئۇدگاتى بودساتۋا
550) ساداپىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋانىڭ ساۋابلىق يىلتىزىنى پۈتكۈزگىلى
551) ھەممە نەرسىلەرنى قوبۇل قىلدى
552) ۋە ئاندىن كېيىن يەنە سادابىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋاغا ياندۇرۇپ
553) بېرىپ كۈن ئولتۇرغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ
554) ئوردىسىغا كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا، سادابىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋا مۇنداق ئويلىدى: 555) «مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم پىراتىيا پارامىت نوم گۆھىرى ئۈچۈندۇر.
556) ئەمدى بۇ يەرگە كەلگەنىكەنمەن ماڭا ئولتۇرۇش، يېتىش، ئارام ئېلىش ياراشمايدۇ.
35 ـ بەت

557. čankr(a)mit qïlu yorïp aẓuča ärsär ymä tikilinip turup

558. küdäyin nomčï bahšïm darma uḍgaṭi bodisatvnïŋ ordosïntïn

559 ünüp nom nomlaγusïn. " tep.

ančulayu saqïnïp saḍapira urudita 560 bodisatv

yeti yïl nir(o)ḍasamapaṭi atl(ï)γ dyanqa kirü yarlïqap

arïṭï olormadï, 561. yatmadï, uḍïmadï, aš ičgü yemädi.

alqu üdtä saqïnur ärti darma 562. uḍgaṭi bodisatvnïŋ ordosïndïn ünüp piratya

557) ئايلىنىپ يۈرۈپ ياكى تىكلىنىپ تۇرۇپ
558) نومچى ئۇستازىم دارما ئۇدگاتى بودساتۋانىڭ ئوردىسىدىن
559) چىقىپ نوم سۆزلىشىنى كۈتەي.»
سادابىرا ئۇرۇدىتا مۇشۇلارنى ئويلاپ،
560) بودساتۋا يەتتە يىل نىروداساماپاتى بودا دىنىدىكى بىر خىل دىياننى نامى. ئاتلىغ دىيانغا كىرىپ زادىلا ئولتۇرمىدى، ياتمىدى، ئۇخلىمىدى، ئاش يېمىدى، سۇ ئىچمىدى. پەقەت دارما ئۇدگاتى
562) ـ563) بودساتۋانىڭ ئوردىسىدىن چىقىپ پىراتىيا پارامىت نومنى سۆزلىشىنىلا ئويلىدى.
165

564. arṭoq kertgünčlüg ol bayaγut qïzï ymä beš yüz tapïγčïlarï birlä

565. alqu barča eyin boldïlar bodisatvnïŋ išiŋä.

anča üdtä yänä kök qalïqta ün äšidilti,

566. "ayaγqa tägimlig darma uḍgaṭi bodisatv munda ïnaru yetinč 567. kün dyanïntïn turur." tep.

568. anï äšidip bodisatv beš yüz qïzlar ögirü sävinü

569. ayaγqa tägimlig darma uḍgaṭi bodisatvqa nom nomlaγuluq azan oronuγ eṭgülük taplarï bolup

570. alqu barča öŋin öŋin ärdinilig tonlarïn sučulup azan oron eṭdilär.

564) ناھايىتى ئىخلاسمەن ئۇ باينىڭ قىزىمۇ بەش يۈز خىزمەتچىسى بىلەن بىللە
565) ساداپىرا بۇدساتۋانىڭ بۇ ئىشىغا ئەگەشتى. بۇ ۋاقىتتا ئاسماندىن مۇنداق ئاۋاز ئاڭلاندى:
566) ھۆرمەتكە سازاۋەر دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋا يەتتە
567) كۈندىن كېيىن دىياندىن تۇرىدۇ.
568) بۇنى ئاڭلاپ بۇدساتۋا ۋە بەش يۈز قىز ناھايىتى خۇشال بولۇپ سۆيۈنۈپ
569) ھۆرمەتكە سازاۋەر دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋاغا نوم سۆزلەيدىغان ئازان ئورۇن ياساش ئارزۇسى تۇغۇلۇپ،
570) تۇرلۇك - تۈمەن گۆھەرلىك تونلىرىنى سېلىپ ئازان ئورۇن ياسىدى.

167

571. anta ötrü saḍapira urudita bodisatv

572. azan oronnuŋ yeriŋä suv sačïp arïṭγu tapï boldï.

anï bilip kamišvar š(ï)mnu qanï

571) ئۇنىڭدىن كېيىن ساداپىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋادا
572) ئازان ئورۇن ھازىرلىغان يەرنى سۇ چېچىپ تازىلاش ئىستىكى بولدى.
بۇنى بىلىپ كامىشۋار شىمنۇ خانى

36 - بەت

573. alqu suvlarïγ barča yitlindürüp közünmäz qïldï.

anï körüp saḍapira 574. urudita bodisatv inčä tep saqïntï:

573) بارچە سۇلارنى يىتتۇرۇپ كۆرۈنمەس قىلدى. بۇنى كۆرۈپ ساداپىرا
574) ئۇرۇدىتا بۇدساتۋا مۇنداق ئويلىدى:

168

"bašlaγsïz sansartïn bärü bo künkä ṭäg(g)inčä

575. 3 bala parṭagčan bolmaq uγrïnda p(a)ramart yeg yörüglüg bo nomnuŋ

576. padakïn ymä äšidü umatïm. altï yollarta tägẓinip

«باشلىنىشى يوق سانساردىن بۈيان بۈگۈنگىچە
575) ئادەتتىكى ئىنسان بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ھەقىقىي ياخشى نومدىن
576) بىر مىسرامۇ ئاڭلىيالمىدىم.

169

577. adroq adroq ätözlärig tägindöktä adïnlar üzä bïčturup

578. aẓuča ärsär ymä qart baš bolup

asïγsïz anča täg qanïm aqdï.

ئالتە يوللاردا[2] چۆرگىلەپ
577) ھەر خىل ۋۇجۇدقا ئېرىشكىنىمدە باشقىلار مېنى بەدىنىمنى پىچتى
578) ياكى بولمىسا زەخمىلىنىپ قېنىم پايدىسىز ئاقتى.

170

579. amtï bo mäniŋ ätözüm ymä

580. artadačï buẓuldačï ärür kečmädin. anï üčün amtï ätözümin sančïp qanïmïn aqïṭïp

581. arïš arïγ piratya <p(a)ramit> nom ärdini<kä> tapïγ qïlsar m(ä)n,

arïγ tözlüg 582. bo ätözümnüŋ asïγïn tususïn almïš bolγay-m(ä)n."

anča saqïnïp y(i)ti 583. bičäk üzä

ätözin tüẓü yapa sančïp qanïn aqïṭïp yer-584. kä sača bašladï.

anï körüp beš yüz tapïγčï qïzlar ymä öŋin öŋin 585. bodisatvqa öḍkünüp ätözlärin sančïp qanlarïn aqïṭïp yer- 586. kä sačdïlar.

579) مېنىڭ تېنىم بولسا

580) ھامىنى نابۇت بولىدۇ، بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن مەن بەدىنىمگە سانجىپ قېنىمنى ئېقىتىپ

581) پاك ۋە ساپ پىراتيا پارامىت نوم گۆھىرىگە ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلدۈرسەم، پاكىز تەبىئەتلىك

582) بۇ ۋۇجۇدۇمنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن بولىمەن.» مۇشۇنداق ئويلاپ

583) ئىتتىك بىر پىچاقنى بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىگە سانجىپ قېنىنى ئېقىتىپ يەرگە

584) چېچىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ بەش يۈز خىزمەتچى قىزلار يەنە ھەممىسى

585) ئايرىم ـ ئايرىم بۇدساتۋاغا ئوخشاش بەدىنىگە پىچاق سانجىپ قانلىرىنى ئېقىتىپ يەرگە

586) چاچتى.

171

587. ayaγqa tägimlig bodisatvnïŋ ulatï beš yüz qïzlarnïŋ alp qïlγuluq munï täg išig išlämiš üdtä

587) ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇدساتۋا ۋە بەش يۈز قىز تەستە قىلغىلى بولىدىغان مۇنداق ئىشنى قىلغان ۋاقىتتا

37 ـ بەت

588. arïṭï bir kšanta ymä ökünčläri tuγmadï.

588) بىرەر دەقىقىمۇ پۇشايمان قىلمىدى.

172

588. arïṭï bir kšanta ymä ökünčläri tuγmadï.

589. anï körüp hormuzta t(ä)ŋri taŋlap muŋadïp aqmïšča qanlarïn barča tägšürüp

590. ägritim qïẓïl čïnḍan suvï bälgürṭti.

589) ــــ 590) بۇنى كۆرۈپ خورمۇزتا تەڭرى ھەيران بولۇپ ئاققان قانلارنىڭ ھەممىسىنى قىپ ـ قىزىل سەندەل سۈيىگە ئۆزگەرتتى.

173

591. aẓan oronnuŋ tört yïŋaqïnda yüẓär yočan yertä

592. aḍïnčïγ muŋadïnčïγ gavsar čïnḍan yïdï bura köṭiyü yïdït

593. anta ötrü saḍapira uruḍiṭa bodisatv hormuzta t(ä)ŋri birlä

594. artoqsuz äg<sük>süz üč mïŋ sïq t(ä)ŋridäm m(a)ntarik

591) ئازان ئورۇننىڭ تۆت تەرىپىدىكى تەخمىنەن يۈز يوجان يەردە
592) ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك خۇش پۇراق سەندەل ھىدى پۇراپ كەتتى.
593) ئۇنىڭدىن كېيىن ساداپىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋا خورمۇزتا تەڭرى بىلەن بىللە
594) دەل ئۈچ مىڭ دەن ئىلاھىي مانتىرىك③، ماخا مانتىرىك قاتارلىق گۈل - چېچەكلەرنى ئازان ئو-
رۇنغا چاچتى.

174

arslan<lïɣ> oron üzäsindä yaltrïyu yašoyu olormïšïn körüp

600. artoqraq köŋülläri ögrünčlüg sävinčlig bolup

ayančaŋ köŋülin beš 601. mantal yinčürü töpön yükünüp keṭip birtin sïŋar olortïlar.

602. ol üdün ḍarma uḍgaṭi bodisatv saḍapira urudita bodisatv tïlṭaɣïnda

596) شۇ چاغدا دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋا يەتتە يىل ئۆتكەندە دىيانىدىن تۇرۇپ
597) ئۇلۇغ جامائەتنىڭ ھەمراھلىقىدا نوم سۆزلەيدىغان ئازان ئورۇنغا باردى.
598) ناھايىتى ئۇمۇنۇپ كۇتكەن ساداپىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋا بەش يۈز قىز بىلەن
599) ئۇلۇغ مېھرىبان كۆڭۈللۈك دارما ئۇدگاتى ئارسلانلىغ تەخت ئۈستىدە نۇرلىنىپ ئولتۇرغانلى-
قىنى كۆرۈپ
600) كۆڭۈللىرى خۇشال بولۇپ، سۆيۈنۈپ ئىززەتلىك كۆڭلى بىلەن
601) بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تەزىم قىلىپ بىر تەرەپكە بېرىپ ئولتۇردى.
602) بۇ چاغدا دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋا ساداپىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋغا نوم سۆزلەش ۋەجىدىن

38 - بەت

603. uluɣ quvraɣqa inčä tep yarlïqadï:

“alqu nomlar täŋ tüz üčün, bilgä bilig 604. p(a)ramit täŋ tüz ärür.

alqu nomlar täpränčsiz üčün, bilgä bilig p(a)ramit ymä täpränčsiz 605. ärür.

alqu nomlar bir tatïɣlïɣ üčün, bilgä bilig p(a)ramit ymä bir taṭïɣlïɣ 606. ärür.

uluɣ taloy suvï učsuz qïdïɣsïz üčün, bilgä bilig p(a)ramit 607. ymä učsuz qïdïɣsïz ärür.

kök qalïq bölmäksiz 608. üčün, bilgä bilig p(a)ramit ymä bölmäksiz ärür.

603 ئۇلۇغ جامائەتكە مۇنداق دېدى: — ھەممە نوملار تەڭ، تۈز بولغانلىقتىن بىلگە بىلىگ
604 پارامىتمۇ تەڭ تۈز بولۇر. بارچە نوملار تەۋرىمەكسىز بولغىنى ئۈچۈن بىلگە بىلىگ پارامىتمۇ
تەۋرىكمەكسىز
605 بولۇر. بارچە نوملار بىر تەملىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بىلگە بىلىگ پارامىت ھەم بىر تەملىك
606 بولۇر. چوڭ دېڭىز سۈيىنىڭ چېكى يوق، قىرغاقسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، بىلگە بىلىگ پارامىت
607 يەنە ئۇچچى يوق، قىرغاقسىز بولىدۇ. ئاسمان بۆلۈنمەيدىغانلىقى
608 ئۈچۈن، بىلگە بىلىگ پارامىت يەنە بۆلۈنمەس.

فاكسىمىلى:













nurkitap.com







www.uyghurkitap.com









ئىزاھلار:

① «بولغاندەك» دېگەن مەنىدە. خەنزۇچە «真如» سۆزىدىن كەلگەن چىنژۇ بىلەن بىللە قوللىنىلىدۇ، بۇددا دىنىدا ئۆزگەرمەسلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ.

② بۇددا دىنىدىكى سانسارادا ئايلىنىدىغان ئالتە خىل يول كۆرسىتىدۇ. بۇ ئالتە خىل يول: تەڭرى يولى، ئازۇرا يولى، ئادەم يولى، ھايۋان يولى، ئاچ ئالۋاستى يولى، دوزاخ يولى قاتارلىقلاردۇر.

③ مانتىرىك — بىر خىل گۈل.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا)



نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا

# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** شەرق كىلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ يارقىن نەمۇنىلىرىدىن بولغان ئەقلىيە ۋە نەقلىيەدىن بىرىككەن، پەند ـ نەسىھەتنى مەقسەت قىلغان ھېكمەت دۇردانىلىرى بىلەن تويۇنغان ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر غەزىنىسى تارىخنىڭ ئۇزاق، تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭ، مەزمۇنىنىڭ رەڭدار ۋە چوڭقۇر، دېداكتىك خۇسۇسىيىتى ۋە تەسىرچانلىقىنىڭ كۈچلۈك، تەربىيەۋى ئەھمىيىتىنىڭ زورلۇقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

بىز بۇ ئەسەرنى قولىمىزدا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى تەتقىقاتى ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «ئىبرەتنامە»، «پەندنامە»، «جامىئۇل ـ ھېكايەت» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئاساس قىلىپ نەشرگە تەييارلىدۇق.

## ھەزرىتى سۇلايماننىڭ جاۋابى

ھەزرىتى سۇلايمان ھەم پەيغەمبەر ھەم شاھىنشاھ ئىدى. يەر يۈزىدىكى جىمىكى ئىنسانلاردىن سىرت بارلىق ھايۋانلار، جۈملىدىن ئۇچارقاناتلار ۋە ئۆمىلىگۈچىلەر، ھەتتا چۈمۈلىلەرمۇ ئۇنىڭغا بويسۇناتتى. پۈتكۈل جىن، ئالۋاستى، دىۋە، پەرىلەرمۇ ئۇنىڭ مۆھرىنىڭ (خاسىيەتلىك ئۈزۈكىنىڭ) ئىتائىتىدە ئىدى. ئوردا ئەھلى يۇقىرىقىدەك بۈيۈك ۋە يۈكسەك ئىمتىيازلارغا ئىگە بولغان ھەزرىتى سۇلايماننىڭ شاھ ئوردىسىغا يىغىلىشىپ دۇنيا ئىشلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە ۋە مۇتائىلە قىلىشىۋاتقان بىر پەيتتە، ئۆلىمالاردىن بىرى ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئەي ھەزرىتى سۇلايمان، سىز ياراتقۇچىدىن تۆۋەن، بارلىق يارالغۇچىلاردىن يۇقىرى مەرتىۋىلىك، يەر ۋە كۆكنىڭ شاھىنشاھىسىز، ھەممىگە شۇ دەرىجىدە باراۋەر، مېھرىبان، ئەدل ۋە ئادالەت بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىسىز، شۇنى بىلگىمىز كېلىدۇكى، ئادەتتە قانداق ئادەم كۆزىڭىزگە ئەڭ چىرايلىق كۆرۈنىدىغاندۇ؟

ھەزرىتى سۇلايمان تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئادەتتە مېنىڭ يېنىمغا قۇرۇق قول كىرگەن ئادەمدىن، بىر تال ئالما بولسىمۇ كۆتۈرۈپ كىرگەن ئادەم چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

## مىننەت ۋە مېھنەت

كىشىلەر ھەممەت بابىنىڭ يېگانىسى، ساخاۋەت مۇلكىنىڭ شاھەنشاھى ھاتەمى تايدىن سوراشتى:
— سېخىيلىقنى كەسىپ قىلىپ، ساخاۋەت كەمىرىنى بېلىڭگە باغلىغاندىن بېرى ئۆزۈڭگە ئوخشىغان ۋە ياكى ساڭا يېتىدىغان ئىككىنچى كىشىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ ياكى كۆردۇڭمۇ؟
ھاتەم ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋابەن مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلىپ بەردى:
— بىر كۈنى يۈزدىن ئارتۇق تۆگە، ھېسابسىز قوي ۋە قوزىلارنى سويۇپ، شەھەر ۋە قىشلاقتىكى بارلىق جامائەتنى يىغىپ كاتتا زىياپەت بەردىم. بىر پەس ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىش ئۈچۈن بەزمىنى تەرك ئېتىپ سارايدىن تاشقىرىغا چىققانىدىم، بۇرنى يەرگە تەگكۈدەك بولۇپ ئوتۇن يۈدۈپ كېتىۋاتقان بىر بەنە-چارىنى ئۇچراتتىم ۋە ئۇنىڭغا دېدىم: «بۈگۈن ھاتەم پۈتۈن جامائەتنى چىللاپ كاتتا سارايدا زىياپەت بېرىۋاتىدۇ، سەن بولساڭ مۇشەققەت تارتىپ سەھرادىن ئوتۇن تېرىپ كەپسەن، قارىغاندا بۇ كاتتا زىياپەتتىن خەۋەرسىز ئوخشايسەن، ئۆشنەڭدىكى ئوتۇننى بۇ يەرگە تاشلاپ دەرھال سارايغا كىرىپ مېھمان بولۇپ چىق.»
ئوتۇنچى ماڭا قاراپ تەبەسسۇم بىلەن دېدى: «سۆزلىرىڭدىن تەمەخورلۇقنىڭ ھىدى كېلىۋاتىدۇ، ھەقسىز زىياپەتكە داخىل بولۇپ بىراۋنىڭ مىننىتىنى كۆتۈرگەندىن، ھالال مېھنەت زەخمىتىنى چەككەنىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟»
— مانا شۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۇ ئوتۇنچى بوۋاينىڭ ھىممەت سەھنىسىدە مەندىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدىم.

## بۇزۇلماس ئەنئەنە

ئۆزبېكخان ۋەزىر - ۋۇزۇرالىرى بىلەن بىللە مۇلازىملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شىكارغا چىقتى. ئۇلار تىك داۋان، بىپايان ئورماندا ئات چاپتۇرۇپ بىر - بىرلىرىگە ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلىپ ئوۋ ئوۋلاۋاتاتتى. تۇيۇقسىز قارشى تەرەپتىن چىرايلىق بىر كېيىك چىقىپ كەلدى - دە، ئۈركۈپ قاچتى. ئۆزبېكخان دەرھال كاماندىن ئوق ئۈزۈپ كېيىكنىڭ ئارقا پۇتىنى يارىلاندۇردى، مۇلازىملار بولسا ۋارقىراپ - جارقىراپ، قىيقاس - سۈرەن سېلىپ كېيىكنى تىك قىيانىڭ بويىغا سىغداپ كەلدى. يارىدار كېيىك پۇتىنى سۆرەپ جېنىنىڭ بارىچە قېچىپ كېتىۋاتقاندا قىيا بېشىدا قاپسىلىپ قېلىپ، ئالاقزەدىلىك بىلەن تىترەپ، ھەر تەرەپتىن نىجاتلىق يولى ئىزدىدى ۋە ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى چېدىرنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن ئۆزىنى ئىچكىرىگە ئاتتى. بۇ دەل چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ، چېدىر ئىگىلىرى داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ غىزالىنىۋاتاتتى. سىرتتىن ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگەن يارىدار كېيىك داستىخاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ تۆرگە يىقىلدى ۋە ھالىدىن كەتكىنىچە ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئېلىپ، گۈزەل كۆزلىرىنى خۇددى ئىلتىجا قىلغاندەك ئەتراپتىكىلەرگە تىكتى. ئۆزبېكخان ئات چاپتۇرۇپ چېدىرنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكى ئالدىغا كەلدى ۋە ئات ئۈستىدىن ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئەمر قىلدى:
— كېيىكنى چېدىردىن ھەيدەپ چىقار، چاشگاھدىن بېرى ئۇنى قوغلاپ يۈرۈۋاتىمەن، ئۇ مېنىڭ

ئۆلجام.

چېدىر ئىچىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئاپپاق ساقاللىق ئاتاخان ئۆزبېكخانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— خاتالاشتىڭىز، گەرچە بۇ كېيىك سىزنىڭ بولسىمۇ، ئەمما ھازىر ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ تۆرىدە يېتىپتۇ. ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مانا ئوتتۇرىدا داستىخان سېلىقلىق، تاۋاق - تاۋاقلاردا تائاملار قويۇقلۇق، بۇ ھالدا ھېچ كىممۇ داستىخاننى ئاتلاپ ئۆتۈشكە پېتىنالمايدۇ. ھەتتا ئەشەددىي دۈشمەنلەرمۇ داستىخان ئۈستىدە مۇرەسسە قىلىشىدۇ، ئۆزئارا ئۆچ - ئاداۋەتنى ئۇنتۇپ يارىشىدۇ، مانا بۇ بىزنىڭ مۇقەددەس ئەنئەنىمىز، سىز خان بولسىڭىزمۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇمنى بۇزۇشقا ھەقلىق ئەمەسسىز.

بۇنى ئاڭلىغان ئۆزبېكخان ئۈندىمەستىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئارقىغا بۇراپ كېتىپ قالدى.

### سىر پىنھانلىقى بىلەن سىر

پەرغانە ۋىلايىتىدە ئەدل - ئادالەت بىلەن يۇرت سورىغان بىر پادىشاھ ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىق، شەھلا كۆزلۈك، ناھايىتى شوخ، گۈزەل بىر مەھبۇبىسى بار ئىدى. ئۇ نازۇ كەرەشمىلىرى ۋە شېرىن شېكەر سۆزلىرى بىلەن ھەممىنىڭ دىلىغا ئوت ياقاتتى. بولۇپمۇ، پادىشاھنىڭ يېقىن مۇلازىملىرى ئىچىدىكى قامەتلىك بىر يىگىت بۇ گۈزەل ئايالغا قاتتىق مېھىر بېرىپ كۆڭلىنى ئۇنىڭغا باغلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ ياناتتى. ئۇلار پۇرسەت بولسىلا خۇپىيانە ھالدا بىر - بىرىگە قاش ئېتىپ، كۆز ئۇينىتىپ، ئىما - ئىشارىلەر بىلەن كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىشاتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ خاس كىشىلىرى بىلەن شاراب ئىچىشىپ، ئەيش - ئىشرەت قىلىشىپ ئولتۇرغىنىدا، يىگىت مەلۇم خىزمەت ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، پادىشاھنىڭ يېنىدا نازلىنىپ ئولتۇرغان مەھبۇبەسىگە قاراپ كۈلۈپ قويىدى. گۈزەل مەھبۇبە ئۇنىڭغا جاۋابەن تەبەسسۇم بىلەن قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، كۆزلىرىنى ئۇينىتىپ، يىگىتنىڭ كۆڭلىنى ئۇۋلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرى پادىشاھنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بەزمە جەريانىدا ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن كۆز ئۈزەلمەي قېلىشىۋاتقان ئىما - ئىشارىلىرى پادىشاھنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. پادىشاھ ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، لېكىن «ئىككى كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە، جېنىدىن جۇدا قىلىشقا ئالدىراش ئەقىل جۈملىسىدىن ئەمەس، بۈگۈنچە سەۋر قىلاي» دەپ ئۆزىگە ھاي بەردى. ئەتىسى سەھەردە پادىشاھ ئادىتى بويىچە دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن كۆرگەن ۋەزىرىنى قوبۇلخانىدا ئېلىپ قېلىپ، گۈزەل خوتۇنى بىلەن مۇلازىم يىگىتنىڭ ئىشىنى ۋەزىرگە ئېيتتى ۋە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدى. ۋەزىر ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەكلىكى، لېكىن بۇ ئىش پادىشاھنىڭ ئابرۇيىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇ ئىككىسىنى يوشۇرۇنچە ئۆلتۈرۈش لازىملىقى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. بۇ ئىشقا نىسبەتەن پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقتى ھەمدە ئىككىسىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش قارارلاندى. لېكىن، بۇ قارار پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئوتتۇرىسىدا سىر بولۇپ پىنھان تۇتۇلۇشى كېرەك ئىدى. ۋەزىر شاھ ھۇزۇرىدىن ئۆز خانىسىغا قايتتى ۋە ئەركە قىزىنىڭ غەمكىن ھالدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قىزىدىن سەۋەبىنى سورىدى، قىزى ۋەزىرگە ئېيتتى:

— بۈگۈن شاھسارايغا بارغانىدىم، گۈزەل مەھبۇبە خانىم ماڭا پەقەتلا ئېتىبار ۋە ياكى ئىلتىپات

قىلمىدى، مەن دوستلىرىم ۋە قېرىنداشلىرىم ئالدىدا خىجالەتتە قالدىم.
ۋەزىر قىزىغا تەسەللى بېرىپ دېدى:
— بۇنچە غەمكىن بولما قىزىم، بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ ھايات گۈلى سولۇپ، ئۆمۈر چىرىغى ئۆچىدۇ.
بۇنى ئاڭلىغان قىز دادىسىدىن نېمە ئىشلىكىنى سورىدى. ۋەزىر ئامراق ئەركە قىزىغا ھەممە گەپنى ئېيتىپ بەردى ۋە بۇلارنى سىر تۇتۇپ ھېچكىمگە دېمەسلىكنى تاپىلىدى. قىز دادىسىغا ۋەدىلەر بېرىپ، ئاڭلىغانلىرىدىن خۇرسەن بولۇپ ئۆز خانىسىغا چىقىپ تۇرۇشىغا، ھەرەمخانا مۇلازىملىرىدىن بىرسى گۈزەل مەھبۇبەنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، قىزدىن ئۇزرە سوراپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ كىرىپ كەلدى. قىز ئۇنىڭغا جاۋابەن ئېيتتى:
— خانىم مېنى سەۋەبسىز رەنجىتكىنى ئۈچۈن جازاسىنى تارتىدۇ.
ھەرەمخانىدىن كەلگەن مۇلازىم قىزىقىپ سورىدى:
— گۈزەل مەلىكەم، بۇ سۆزنى قەيەردىن ئاڭلىدىڭىز؟
قىز:
— باشقىلارغا ئېيتمىساڭ دەپ بېرىمەن.
ھەرەمخانا مۇلازىمى ئاڭلىغانلىرىنى ھېچكىمگە تىنماسلىق توغرىسىدا قەسەم ئىچتى. قىز سىرنى ئۇنىڭغا ئاشكارىلىدى. ھەرەمخانا مۇلازىمى دەرھال ئوردىغا قايتىپ ئاڭلىغانلىرىنى گۈزەل مەھبۇبەگە ئېيتتى. ئايال دەرھال مۇلازىم يىگىتنى خىلۋەتخانىغا چاقىرتىپ كېلىپ، ئاڭلىغانلىرىنى ئۇنىڭغا دەپ ئاگاھلاندۇردى. يىگىت شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدىلا بىر قانچە يېقىن شېرىكلىرىنى توپلاپ تۈن كېچىدە خۇپىيانە ھالدا پادىشاھنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

## تەقدىر تەدبىردىن

قەدىم قەدىمدە چەكسىز دالا، بىپايان ئورمان، ھەيۋەتلىك تاغلار قاپلىغان بىر يۇرتتا، خوجاياش ئىسىملىك نەۋقىران بىر يىگىت ياشايتتى. ئۇ ھەرقانداق ھوشيار، ھۈرككەك، يۇگۈرۈك، كۆچلۈك ھايۋاننى بىرلا قېتىم قارىغا ئېلىپلا، ئۆزىنىڭ ئولجىسىغا ئايلاندۇرالايدىغان دەرىجىدە ئۇستا مەرگەن ۋە ماھىر ئوۋچى ئىدى. خوجاياش ئۈركۈپ قېچىپ كېتىۋاتقان ياۋا ئۆچكىنىڭ كۆزىنى بىمالال قارىغا ئېلىپ ئوقنى نىشانغا دەل تەگكۈزەتتى، بۆرىنىڭ ئىزىدىن قوشتەك شىددەت بىلەن قوغلاپ يېتەتتى، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى جاسارەت بىلەن يەرگە يىقىتاتتى. ئۇ ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرىنى بويسۇندۇرۇشقا قابىل، يۈرەكلىك، غەيرەت ۋە شىجائەتلىك يىگىت ئىدى. خوجاياش ھەر قېتىم ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئولجىلىرى يىراق - يېقىندىكى قېرىنداش - ئۇرۇقلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەھەللىدىكى كىشىلەرگە يېتىپ ئېشىپ قالاتتى. خوجاياش ئالدىغا كەلگەن ھەرقانداق ھايۋاننى ئۆلتۈرمىگۈچە تىنچىمايتتى، ئۆزىنى بولسا بۇ يۇرتنىڭ غوجايىنىدەك ھېس قىلاتتى، ئۇ ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنەتتى ۋە بۇ جەھەتلەردە ئۆزىگە تەمەننا قوياتتى.
خوجاياش ئەنە شۇنداق نۇسرەت قۇچۇپ، مەئىشەت ئىچىدە خۇشال ۋە خاتىرجەم ياشاۋاتقان ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گۈزەل بىر قىزغا ئۆيلىنىشنى ئىختىيار قىلدى. ئۇ ئاشلانغان يولۋاس، تۈلكە، بۆلغۈن تېرىلىرىنى تاغارلارغا قاچىلاپ، ئورغۇنلىغان قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى تەييارلاپ قىز تەرەپكە ئەلچى

ئەۋەتتى. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى خۇشاللىق بىلەن ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلدى ۋە توي تەكلىپىگە رازىلىق
بىرىشتى. توي كۈنىمۇ بېكىتىلدى. باھادىر سۇپەت بەرنا يىگىت بىلەن ساھىبجامال گۈزەل قىزنىڭ دەب-
دەبىلىك توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، تويغا ناھايىتى كۆپ خىراجەت كېتىشى ئېنىق ئىدى. خو-
جاياش مەيلى قانچىلىك كۆپ بايلىق توپلىغان بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇۋچىلىقتا تايىنىپ ئې-
رىشكەنىدى. توي كۈنى يېقىنلاشقانسېرى گۈزەل كېلىنچەكنىڭ ۋىسالىغا تېزرەك يېتىش ئۈچۈن، تېخىمۇ
كۆپ مال ـ دۇنيا يىغىش ئىستىكىدە ئوت بولۇپ يانغان خوجاياش، كېچە ـ كۈندۈز ئارام ئالماستىن
توختىماي ئوۋغا چىقىپ، ھېچ نەرسىگە پىسەنت قىلماستىن ئۇچراتقان بارلىق ھايۋانلارنى، قۇشلارنى،
جانىۋارلارنى ئوۋلاشقا كىرىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئوۋ ئىزدەپ يۈرگەن ئوۋچى خوجاياش بىر كۈنى كەچ-
قۇرۇن كۆتۈلمىگەندە سۇغۇرلار توپىغا دۇچ كېلىپ قالدى. بۇ دەل سۇغۇرلار ئائىلىسىگە «كېلىن چۈش-
تى» بولۇۋاتقان پەيت بولۇپ، يارقىن ئاي يورۇقىدا سۇغۇرلار خۇددى ئىنسانلارغا ئوخشاش ناخشا ئېيتىپ،
ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن كېلىنچەكنى ئۆز ئۇۋىسىدىن كۈيئو ئوغۇلنىڭ قوشنا ئۇۋىسىغا ئۇزۇتۇپ قويۇۋاتات-
تى. ئويۇن ـ كۈلكىگە بېرىلگەن سۇغۇرلار ئادەتتىكى ئېھتىياتچانلىقىنى ۋە ھوشيارلىقىنى پۈتۈنلەي
ئۇنتۇشقانىدى. بەخت تۇيغۇسىغا چۆمگەن كۈيئو ئوغۇل، سۇغۇر كېلىنچەكنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بىر توپ
ھەمراھلىرىنىڭ قورشاۋىدا ئۇۋىسىدىن چىقىشىغا، قۇدىلار بىر ـ بىرلىرىنى تەبرىكلىشىپ، قۇچاق ئېچىپ
مۇبارەكلىشىپ، توي تەنتەنىسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا، سۇغۇرلارنىڭ بارلىق ئىش ـ ھە-
رىكەتلىرىنى ئۇن ـ تىنىسىز ھالەتتە يوشۇرۇنچە كۆزىتىپ تۇرغان خوجاياش بولۇش ئالدىدا تۇرغان تويىنى
ۋە گۈزەل مەھبۇبىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قاتتىق ھاياجانلاندى. سۇغۇر تېرىسى ناھايىتى چىرايلىق،
سۈپەتلىك ۋە قىممەت باھالىق بولۇپ، ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىل سوۋغاتنى تاپقىلى بولمايتتى. ئەگەر بۇ سۇ-
غۇرلارنى ئولجا ئالالىسا، ناھايىتى كاتتا ئىش بولاتتى ۋە بۇلار بىلەن كۆپ پايدىغا ئېرىشىش تامامەن
مۇمكىن ئىدى. بۇ ھەقىقەتنى بىزدىنمۇ بەكرەك چۈشىنىدىغان خوجاياش ھېچ نەرسىگە قارىماستىن،
ئۇستىدىكى جۇۋىسىنى يېشىپ توي تەنتەنىسىدە غەرق مەست بولغان سۇغۇرلارنىڭ ئۈستىگە پەم بىلەن
ياپتى ـ دە، چاقماق تېزلىكىدە ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ھەممىسىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى
بىر ـ بىرلەپ بوغۇپ ئۆلتۈردى. كېيىنكى كۈنى ئۇ خۇددى شۇ تەرزدە ياۋا ئۆچكىلەرنى تاغ قاپتاللىرىدا
قوغلاپ يۈرۈپ شەپقەتسىزلەرچە ئۆلتۈرۈپ، نورغۇنلىغان ئولجىلارنى قولغا چۈشۈردى. ئاخىرىدا، تىرىك
قالغان بىر جۈپ كۆل رەڭ ئۆچكىنىڭ بىرسى ئوۋچى خوجاياشنىڭ ئالدىغا كېلىپ، زوۋانغا كىردى ۋە
يىغلاپ تۇرۇپ دېدى:

— شوخشىپ قېچىپ كېتىۋاتقان ياۋا ئۆچكىنىڭ كۆزىنى چەنلەپ تۇرۇپ نىشانغا خاتاسىز تەگكۈزە-
لەيدىغان مەرگەن ۋە ماھىر ئوۋچى پەقەتلا سەن، بۇ دۇنيادا سەندىن باشقا ياكى سېنى بېسىپ چۈشكۈدەك
ئىككىنچى بىر مەرگەن ئوۋچى بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ھەممە نەرسىنىڭ چېكى ۋە ئۆلچىمى بار،
قارىغاندا سەن بۇ ھەقىقەتنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلىسەن. سەندىن ئۆتۈنىمەنكى بىزگە رەھ-
مىڭ كەلسۇن، ئەمدى بىزگە چېقىلما، بىزنىڭ نەسلىمىزدىن پەقەت مانا بىز ئىككىمىزلا قالدۇق، نەسلى-
مىزنى قۇرۇتىۋەتمەستىن داۋاملاشتۇرىشىمىز ئۈچۈن بىزنى ئۆلتۈرمە، سەندىن ئۆتۈنۈشۈم شۇ، بىزگە
رەھىم قىل.

خوجاياش ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، ئۆچكە بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇشنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمىدى ۋە
ئويلىنىپمۇ قويماستىن ياسىدىن بىرلا ئوق ئۈزۈپ ئۇنى يەرگە يىقىتتى. بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان
بوغاز ئۆچكە نالە ـ زار قىلىپ پەرياد چەكتى ۋە يۈرەك باغرى قانغا تولغان ھالدا تىلغا كىرىپ دېدى:

— سەن ئۆچكىلەر نەسلىنى قۇرۇتتۇڭ، بىرلا ئوق بىلەن دەقىقە ئىچىدە بارلىق ئۈمىدىمىزنى يوق قىلدىڭ. ئەي خوجاياش، ساڭا لەنەتلەر بولسۇنكى، مانا هازىردىن باشلاپ بىرەر جانلىقنى ئاتالمايسەن، ئەگەر ئىشەنمىسەڭ مانا ئالدىڭدا تۇرۇپتىمەن، مېنى ئات.

تەمەننا كەمىرىنى بېلىگە چىڭ باغلاپ، رەھىمسىزلىكنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان خوجاياش كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈپ تۇرغان بىچارە ساغلىق ئۆچكىنىڭ گەپلىرىدىن تىزلىرىغا ئۇرۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، بەقۇۋۋەت يىگىتنىڭ كۈچلۈك ۋە جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازىدىن ئەكس سادا ياڭراپ، چوققىلاردىكى قورام تاشلار تاغ باغرىغا دومىلاپ چۇشۇشكە باشلىدى. پالۋان ئوۋچى خوجاياش كۈلكىسىنى توختاتماي ئالدىدىكى ساغلىق ئۆچكىگە قارىتىپ ئوق ئۈزدى. دېگەندەك، بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئوقمۇ ساغلىق ئۆچكىگە تەگكۈزەلمىدى. بۇ ئەھۋالدىن جەھلى چىقىپ، غەزەپتىن كۆزلىرىگە قان تولغان خوجاياش ئەلەم بىلەن دېدى:

— سېنىڭ جېنىڭنى ئېلىش مەن ئۈچۈن ئەرزىمەس بىر ئىش، سېنى تۇتۇپ پىچاق بىلەن بوغۇزلاپ ئۆلتۈرىمەن.

خوجاياش گېپىنى ئاخىرلاشتۇرماستىنلا ساغلىق ئۆچكىنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى، كۆل رەڭ ساغلىق ئۆچكە بولسا هوشيارلىق بىلەن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ تاشتىن ـ تاشقا، قىيادىن ـ قىياغا يېنىك سەكرەپ تىك چوققىغا قاراپ قاچتى. دەرغەزەپكە كەلگەن خوجاياشنىڭ ئەلەمدىن كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، كالللىسىغا ھېچبىر پىكىر كىرمەيتتى، شۇ ھالەتتە ئۇ جان ـ جەھلى بىلەن كۆل رەڭ ساغلىق ئۆچكىنى قوغلاپ، ئۇنىڭ كەينىدىن توختىماي يامىشىپ، ئىنسان ئايىغى يەتمەيدىغان ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ، بۇلۇتلارغا تاقاشقان تىك قىيانىڭ ئۈستىگە قانداقلارچە چىقىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. غەزەپ ۋە ئەلەم ئۇنىڭ ئەقلىنى كەسكەنىدى. خوجاياش ئېسىنى يىغىپ ئەتراپىغا نەزەر سالدى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى. تىك قىيانىڭ چوققىسىدىن قايتىپ چۈشۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قىيا باغرىدىكى ئوق يەتمەس يىراق جايلاردا ئاندا ـ ساندا چارۋىلار ئوتلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغان كۆل رەڭ ساغلىق ئۆچكە سالماق ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭغا دېدى:

— ئەي رەھىمسىز تاش يۈرەك ئىنسان، بىلمىشىڭ كېرەككى، سان ـ ساناقسىز ھايۋانلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدىغان پەيتىڭ يېتىپ كەلدى. سېنىڭ دەستىڭدىن بىز تۆككەن قانلىق ياشلار ئازمۇ؟ مانا ئەمدى يىغلاش نۆۋىتى ساڭا كەلدى. جېنىڭ تېنىڭدە باردا، ئۆزۈڭ ئۈچۈن قېنىپ ـ قېنىپ يىغلىۋال.

دۇنيادىن ئۈمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن، قۇتۇلغۇسىز ھالاكەتكە يۈزلەنگەن خوجاياشنىڭ پۇشايمان قىلىپ زارلاشلىرى، تەقدىرىگە ئېچىنىپ بوزلاشلىرى، ئازابتىن تولغىنىپ ئېسەدەشلىرى، ئۈمىدسىزلىكتىن ئىڭراشلىرى، ئاچلىق ۋە سوغۇقتىن جاقىلداپ تىترەشلىرى، ئۆزىنىڭ ھەددىدىن زىيادە شەپقەتسىز، رەھىمسىز، ئادالەتسىزلىكىدىن ئۆز ـ ئۆزىنى قارغاپ قاقشاشلىرى، مانا شۇ مېھرى سوغۇق تىك قىيادىن ۋاقىتسىز ئەجەل مەنزىلىگە قاراپ ئۈچۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئېچىنىپ بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن بىتەلەي پېشانىسىگە مۇشتلاپ ھۆركىرەپ يىغلاشلىرى تاغۇ تاشلارنىڭ ئەكس ساداسى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇزاق كۈنلەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇردى. ئۇنىڭ مۇسىبەتلىك ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىنسانلارمۇ، يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ قورقۇنچتىن دەھشەتكە چۈشەتتى. بىراق، تولىمۇ كېچىكىپ ئېيتىلغان ئاجىزانە ئىلتىجادىن، ئاچچىق تۆۋە ـ ئىستىغپاردىن ئەمدى ھېچقانداق پايدا يوق ئىدى.

تەقدىرنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچرىغان خوجاياشنىڭ لايىقى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئەپۇ سوراش

ئۈچۈن قاياقلارغىدۇ غايىب بولغان كۆل رەڭ ساغلىق ئۆچكىنى ئىزدەپ، بىر قانچە يىل تاغۇ دالالارنى كەزدى، لېكىن تاپالمىدى. يىگىتنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە بولغان ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن سەپەر ئازابى قوشۇلۇپ ئاخىر ئۇنى ۋاقىتسىز ھالىدىن كەتكۈزدى. ئاقىۋەتتە بۇ گۈزەل قىز تونۇيالمىغۇدەك دەرىجىدە قېرىپ كەمپىرگە ئايلاندى. غەم - ئەندىشىدىن ئېزىلىپ قەددى پۈكۈلگەن كەمپىر، بىر كۈنى ئايدىڭدا توي تويلاۋاتقان سوغۇرلارنى ئۇچرىتىپ قالدى. گۈزەل ئاي شولىسىدا كېلىنچەكنى ئېرىنىڭ ئۇۋىسىغا ئۇزىتىۋاتقان سوغۇرلار خۇددى ئىنسانلارغا ئوخشاش ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ توي خۇشاللىقىنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلغان كەمپىر ئېزىلىپ - ئېزىلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ، ئېچىنىشلىق بىر ئاۋازدا نىدا قىلدى:

— ئەي تەقدىر، ھېچبولمىغاندا مۇشۇ ھايۋانلارغا ئاتا قىلغان خۇشاللىقلارنىڭ زەررىچىسىنى بولسىمۇ بىزلەرگە راۋا كۆرسەڭ بولماسمىدى!

مېھنەت بىلەن تاپقان پۇل

بۇرۇن بىر ئادەمنىڭ يىگىت بولۇپ قالغىنىغا قارىماي بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتماستىن، ئويناپ - كۈلۈپ يۈرىدىغان ئەركە ئۆسكەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئادەم ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئايالىغا ئېيتىپتۇ:

— ئوغلۇمنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ئەجرى بىلەن پۇل تاپقىنىنى كۆرسەملا، ئاندىن ئارمانسىز كۆز يۇمغان بولاتتىم.

ئانا ئەركە بالىسىنى يېنىغا چاقىرىپ دادىسىنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپتۇ ۋە ئوغلىنىڭ يانچۇقىغا پۇل سېلىپ قويغاچ دەپتۇ:

— بار، ئوغلۇم، ئاغىنىلىرىڭ بىلەن ئوينا، كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىڭدە بۇ پۇللارنى «ئۆزۈم ئىشلەپ تاپتىم» دەپ داداڭغا بەرگىن.

ئوغۇل كەچ كىرگەندە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئانىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئانىسى بەرگەن پۇلنى «ئۆزۈم ئىشلەپ تاپتىم» دەپ دادىسىغا بېرىپتۇ. دادا ئوغلىنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپلا، قاراپمۇ قويماستىن ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاققا تاشلاپتۇ. ئوغلى بولسا ئۇندىمەستىن كۈلۈمسىرىگىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ. ئىككىنچى كۈنىمۇ يەنە شۇ خىل ئەھۋال تەكرارلىنىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئانا ئوغلىغا دەپتۇ:

— ئوغلۇم، داداڭ بىزنىڭ ئۇنى ئالداۋاتقانلىقىمىزنى سېزىپ قاپتۇ، ئەمدى ئۆزۈڭ ئىشلەپ پۇل تېپىپ كەلمىسەڭ بولمىغۇدەك.

ئوغۇل دادىسىنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، ئىلاجىسىز بىر كۈن كەچكىچە باشقىلارنىڭ ئۆيىدە سۇ توشۇپ، ئوتۇن يېرىپ، ھېرىپ - چارچاپ يۈرۈپ ئاز بولسىمۇ ئۈچ - تۆت تەڭگە پۇل تېپىپتۇ ۋە كەچتە ئۆيگە كېلىپ تاپقان پۇلنى دادىسىغا بېرىپ دەپتۇ:

— دادا، مانا بۇ پۇلنى مەن ئۆزۈم ئىشلەپ تاپتىم، قېنى ئېلىڭ.

دادا ئوغلىنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپ ئىلگىرىكىدەكلا ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاققا تاشلىۋېتىپتۇ. ئوغلى:

— ۋاي دادا، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ مەن بۇ پۇلنى تېپىش ئۈچۈن كۈنبويى ئېشەكتەك ئىشلىگەن تۇرسام، — دېگىنىچە ئالدىراپ - تېنەپ قولىنى كۆيۈۋاتقان ئوتقا تىقىپ پۇلنى ئېلىۋاپتۇ. دادا مەمنۇن-

لىۋۇق بىلەن كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئوغلىغا دەپتۇ:
— ئوغلۇم، مانا ئەمدى بۇ پۇلنى ئۆزۈڭ ئىشلەپ تاپقىنىڭغا ئىشەندىم.

## دادا

بىر دۆلەتمەن باينىڭ ئىنتايىن ئويۇنخۇمار، ئىسراپخور، بەتخەج، ئەركە ئوغلى بار ئىكەن. بايۋەتچە
يالغۇز ئوغۇل بولغاچقا باي ھەر قانداق ئىشتا ئوغلىنىڭ رايىغا باقىدىكەن ھەمدە ئوغلىنىڭ ئارزۇ -
ئىستەكلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت چېپىپ يۈرىدىكەن. بايۋەتچە بولسا ئىلىم ئۆگىنىش،
ھۈنەر كەسىپ ئىگىلەش دېگەنلەرگە ئېتىبار قىلماي، كۈنبويى بىكار تەلەپ ئاغىنىلىرى بىلەن سەيلە -
ساياھەت قىلىپ، ئويناپ كۈلۈپلا يۈرىدىكەن. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يارامسىز ئوغلىنىڭ كېلەچىكىدىن
ئەنسىرىگەن ئاتا، ئالدىن ئېھتىيات چارىسىنى كۆرۈپ قويۇپتۇ ۋە بېشى ياستۇققا يەتكەندە ئوغلىنى ئال-
دىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاخىرقى نەسىھەتى ۋە ۋەسىيىتىنى ئېيتىپتۇ:
— ئەي ئوغلۇم، مەن ئۇ دۇنياغا كەتكەندىن كېيىن پۈتۈن بايلىقىم، بارلىق مال - مۈلكۈم ساڭا قا-
لىدۇ. كۆڭلۈمگە ئايانكى، سەن ئۇلارنى يارامسىز بۇرادەرلىرىڭ بىلەن بىللە بىھۇدە ۋە بىمەنە ئىشلارغا
سەرپ قىلىسەن ۋە ئۇزاققا بارماي بۇ بايلىقلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇيسەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىلىم -
ھۈنىرىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاچلىق ۋە خار - زارلىق ھاياتتىن ۋاز كېچىپ، ئۆلۈم يولىنى تاللاشقا
مەجبۇر بولىسەن، بۇ چاغدا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالاي دېسەڭ يانچۇقۇڭدىن ئارقان سېتىۋالغۇدەك بىرەر پۇ-
چۇق يارماقمۇ تېپىلماسلىقى مۇمكىن. مەن كونا ئارقاننى چەتتىكى تاشلاندۇق ئۆينىڭ تورۇسىغا ئېسىپ
قويدۇم، مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، مۇبادا ھايات يولۇڭ تارىيىپ چىقىش يولى تاپالماي جېنىڭدىن
تويساڭ، ئۆزۈڭنى شۇ ئارقانغا ئاسارسەن.
ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ باي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ. بايۋەتچە بولسا ئىلگىرىكى يارىماس
ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتمەستىن، بىر توپ يەپ - ئىچەر، ئەيقاچار ئاغىنىلىرى بىلەن دادىسىدىن قالغان مال -
دۇنيانى بۇزۇپ - چېچىپ خەجلەپ، مەئىشەت ئىچىدە ھاماقەتلەرچە كۈن ئۆتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.
شۇ تەرىقىدە بىر قانچە يىل ئۆتۈپتۇ. بايۋەتچە دادىسىدىن قالغان بارلىق پۇل ۋە مال - دۇنيانى خەجلەپ
تۈگىتىپتۇ. پۇلى بارىدا، ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ چۆرگىلەپ كېتەلمەيدىغان ئاغىنىلىرى، ئۇنىڭ بىلەن
بولغان باردى - كەلدىنى توختىتىپ مۇناسىۋەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ ئۇنىڭغا قارىماس، ئارىسىغا قوش-
ماس بوپتۇ. ئۇنىڭغا نە ياردەم قولىنى سوزىدىغان، نە قەرز بېرىپ تۇرىدىغان ئادەم چىقماپتۇ. ئۇ ئىلىم -
ھۈنەرسىز بولغاچقا ھېچقانداق ئىش قولىدىن كەلمەپتۇ، تىلەمچىلىك قىلاي دېسە نومۇس كۆچى يول قويى-
ماپتۇ، ئۆتمۈشى ۋە قىلمىشىدىن قانچە ئۆكۈنسىمۇ پۇشايمان پايدا بەرمەپتۇ. بايۋەتچە ئاخىر خۇددى دادى-
سى ئېيتقاندەك ئۆلۈم يولىنى تاللاپتۇ. ئۇ تاشلاندۇق ئۆيگە كىرىپ دادىسى باغلاپ قويغان ئارقانغا ئېسىد-
لىپ ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ، سىرتماقنى بويىنىغا سېلىپ ئېسىلىپتۇ، لېكىن تورۇسقا ئامانەت ئۈچۈنلا
باغلاپ قويغان قوزۇق ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمەستىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىپتۇ ۋە مېھرىبان،
دانىشمەن ئاتا ئوغلىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن غەم يەپ تورۇسقا يوشۇرۇپ، سۇۋاپ قويغان ئالتۇن - كۈ-
مۈشلەر بايۋەتچە بىلەن بىللە يەرگە چۈشۈپتۇ. دادىسىدىن كېيىن قېلىپ ئۇزاققا بارماي ئىنتايىن قىيىن
كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ھايات دەرىخىنىڭ ئاچچىق مېۋىلىرىنى تېتىپ ئەقىل تاپقان، پۇلنىڭ قەد-
رىگە يەتكەن بايۋەتچە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، دادىسى قالدۇرغان ئاخىرقى بايلىقنى تېجەشلىك بىلەن

ئىشلىتىپ، خەيرلىك، ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىشقا كىرىشىپتۇ.

### شاراب

مەرغىلاندا ياخشى بىر يىگىت بار بولۇپ، بەرنالىقى، دانالىقى، ئەلسۆيەرلىكى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن تونۇلغانىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە يىگىتنىڭ قوشنىسىنىڭ خوتۇنى يىگىتكە ئاشىقلىقىنى ئىزھار قىپتۇ. يىگىت ئۇنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئېرىگە سادىق بولۇش، ئېرىدىن باشقا ھەرقانداق بىر ئەرگە بۇنداق خىيالدا بولماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىپتۇ. نومۇسسىز ئايال يىگىتنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش مەقسىتىدە، مەلۇم بىر سەۋەبنى كۆرسىتىپ يىگىتنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ ۋە يىگىت ھويلىغا كىرىش بىلەنلا دەرۋازىنى تاقىۋېلىپ يىگىتكە دەپتۇ:

— مېنىڭ ئۈچ تۈرلۈك شەرتىم بار، بۇ قەدەھتىكى شارابنى ئىچىسىز ياكى بۇ گۆدەك بالىنى ئۆلتۈرىسىز، يا بولمىسا مەن بىلەن زىنا قىلىسىز. يۇقىرىقى شەرتلەردىن ئىختىيارىڭىز بىلەن بىرىنى بەجا كەلتۈرسىڭىز، سىزنى ھويلىدىن چىققىلى قويىمەن. ئەگەر ئۇنىمىسىڭىز، داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ «ئېرىم يوق ۋاقىتتا مەقسەتلىك ئۆيۈمگە كىردى» دەپ ئادەملەرنى يىغىمەن ـ دە، سىزنى خالايىق ئالدىدا شەرمەندە قىلىمەن.

ئىلاجىسىز قالغان يىگىت كۆڭلىدە: «ئەڭ ئاسىنى شاراب ئىچىش، ئۇنى كىشىلەر ئىچىدىغۇ، زەھەر ئەمەسقۇ» دەپ ئويلاپ شارابنى تاللاپتۇ ۋە ئۇنى ئىچىپ بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كەيىپ بولۇپ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ، بۇ ئىپلاس ئايال بىلەن زىنا قىپتۇ، ئاندىن كېيىن گۇۋاھچىنى يوقىتىش مەقسىتىدە گۆدەك بالىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. نەتىجىدە، يىگىت شارابنىڭ كاساپىتىدىن كېيىنكى ئىككى گۇناھقا قول ئۇزۇتۇپتۇ.

### مەھبۇس ۋە گاداي

بىر كىشىنى مەلۇم بىر جىنايىتىنىڭ جازاسى ئۈچۈن زىندانغا تاشلاپتۇ. زەنجىر ـ كىشەنلەر ئازابىدىن مەھبۇسنىڭ قول ـ پۇتلىرى ئاغرىسىمۇ، ئۇيقۇسىز كۆزلىرىنى زىنداننىڭ تونۇكىدىن چۈشۈۋاتقان ئاينىڭ شولىسىغا تىكىپ، نېمىلا بولسۇن ھايات ياشاۋاتقانلىقىغا قانائەت قىلىپ يېتىپتۇ. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قۇلىقىغا سىرتتىكى بىر كەمبەغەل كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ نامراتلىقىدىن قاقشاپ، زارلىنىپ، نالە قىلىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپتۇ. مەھبۇسنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، سىرتتىكى كەمبەغەل كىشىگە ئاڭلانغۇدەك يۇقىرى ئاۋازدا، ۋارقىراپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— ئاچ بولساڭمۇ، يوق بولساڭمۇ ئازاتقۇ سەن؟ ھۇزۇرلىنىپ ئۇيقۇڭنى ئۇخلىمامسەن، بۇ دۇنيادا ھالى سەندىنمۇ بەتتەر، بىچارە ئادەملەر بار.

### قانائەت

بىر كىشى بۇرادىرىنىڭ پۇتىغا چىققان جاراھەتنى كۆرۈپ، ئاغرىنىسىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ دەپتۇ:

— ئاغىنە، ساڭا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ.

بىمار جاۋابەن شۇنداق دەپتۇ:

ـــ مەن شۇ يارنىڭ كۆزۈمگە چىقىپ قالمىغىنىدىن خوش. تەقدىرىگە ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈش پۈتۈلگەن ئادەم سۇغا چۆكۈپ ئۆلمەيدۇ.

## گۇۋاھچى

باغداد شەھىرىدە بىر ئوۋچى بار ئىدى. ئۇ دائىم ھەر تەرەپنى كېزىپ يۈرەتتى ۋە دالىلاردا ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرەتتى. بىر كۈنى باغدادنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن بىرسى يېقىن بۇرادەرلىرى ۋە مۇلازىملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دالىغا ئوۋغا چىقتى. كەچقۇرۇن ئۇ چارچىغىنىنى ھېس قىلىپ، دالىدا تاماق يەپ ئارام ئالماقچى بولۇپ، مۇلازىملىرىغا داستىخان تەييارلاشنى بۇيرۇدى. ئويلىمىغان يەردىن باغدادلىق ئوۋچىمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى ۋە داستىخانغا تەكلىپ قىلىندى، ئوۋچىمۇ ئۆزرىسىزلا كېلىپ ئولتۇرۇپ داستىخانغا داخىل بولدى ۋە يېڭىلا قاقلاپ پىشۇرۇلۇپ داستىخانغا قويۇلغان ئىككى دانە كەكلىكنىڭ كاۋىپىنى كۆرۈپ، پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. ھەمداستىخان بولۇپ ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن بىزار بولۇپ سورىدى:

ـــ ئەي ئەدەپسىز، ئۇلۇغ زاتلار بىر داستىخانغا جەم بولۇپ غىزالىنىۋاتقان پەيتتە، بۇنداق ئەخمىقانە كۈلۈشۈڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ قانداق بىمەنە خىياللارنى قىلىۋاتىسەن؟

ئوۋچى ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

ـــ سىزلەر بىلمەيسىزلەركى، بۇ كۈلكەمگە ئاجايىپ بىر سىر يوشۇرۇنغان.

داستىخان ساھىبىنىڭ جەھلى چىقىپ، غەزەپ بىلەن ئوۋچىغا بۇيرۇق قىلدى:

ـــ قانداق سىر؟ تېز ئېيت!

ئۆزىنىڭ يامان خىسلەتلىرىنى ياخشى پەزىلەت دەپ بىلگەن ئوۋچى ماختىنىپ تۇرۇپ گەپ باشلاپ مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلدى:

ـــ ئەي غوجام، مەن بۈگۈن تاڭ سەھەردىن باشلاپ بۇ جاڭگالدا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرەتتىم، تاسادىپىي يالغۇز كېتىۋاتقان سودىگەرگە يولۇقۇپ قالدىم. ئۇنىڭ يېنىدا نۇرغۇن ئېسىل بۇيۇملار، تاۋار ـ دۇردۇنلار ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بار ئىكەن. مەن سودىگەرنى تۇتۇپ باغلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئالتۇنلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ ئېتىنى مىنىۋالدىم ـ دە، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇم. سودىگەر داد ـ پەرياد چېكىپ: «مېنى ئۆلتۈرمە، مال ـ مۈلكۈمنىڭ ھەممىنى ساڭا بېرەي، پالانى شەھەردە كاتتا ئايۋان سارايلىرىم بار، ئۇلارمۇ سېنىڭ ئىختىيارىڭدا بولسۇن، بالا ـ چاقىلىق ئادەممەن، ماڭا ۋە نارەسىدە بالىلىرىمغا رەھمىڭ كەلسۇن» دەپ يېلىنىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ نالە ـ پەريادلىرىغا پەرۋا قىلماستىن: «بىھۇدە پايدىسىز گەپلەرنى دەپ ئۆزۈڭنى ئۇپراتما، گېپىڭنى بەربىر ئاڭلىمايمەن، دانىشمەنلەرنىڭ ‹پەقەت كېسىلگەن باشلا سۆزلىيەلمەيدۇ› دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار، ئەگەر ئېيتقانلىرىڭغا ئىشىنىپ سېنى تىرىك قالدۇرسام، بۇ سىر ھامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ، شۇڭا ھايات قېلىشتىن ئۈمىدىڭنى ئۈز» دېدىم. دەل شۇ ۋاقىتتا چىرايلىققىنە بىر جۈپ كەكلىك ئۇچۇپ كېلىپ يېنىمىزدىكى تاشنىڭ ئۈستىگە قوندى. ھاياتىنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سودىگەر كەكلىكلەرگە قاراپ نالە قىلىشقا باشلىدى: «ئەي كەكلىكلەر، مېنىڭ ھالىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟ بۇ بەتنىيەت ئەبلەخ مال ـ مۈلكۈمنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاندىن سىرت، مېنى ئۆلتۈرۈپ گۇناھىنى يوشۇرماقچى بولىۋاتىدۇ، مانا ھازىر

بۇ يەردە يۈز بەرگەن ۋەقەگە ۋە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىڭلارغا گۇۋاھ بولۇڭلار، سىلەردىن باشقا ھالىمغا ئېچىنىدىغان شاھىدىم يوق.»

مەن سودىگەرنىڭ ئەخمىقانە ئىلتىجالىرىدىن كۈلۈپ: «ئەي ھاماقەت، ئۇچار قاناتلارنىڭ تىلىغا كىرىپ گۇۋاھچى بولغىنىنى كۆرگەن ۋە ياكى ئاڭلىغانمۇ سەن؟» دېدىم ـ دە، ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ جەسىتىنى كۆمۈۋەتتىم. ئاندىن مال ـ مۈلكى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئېتىغا مىنىپ بۇ يەرگە كېلىپ داستىخىنىڭلارغا داخىل بولدۇم. ئولتۇرۇپ قارىسام، ھېلىقى بىر جۈپ كەكلىك كاۋاپ بولۇپ داستىخان ئۈستىدە تۇرۇپتۇ، بۇنى كۆرۈپ شۇ ئان ھاماقەت سودىگەرنىڭ كەكلىكلەرگە زارلىنىپ تۇرۇپ ئېيتقان گەپلىرى يادىمغا چۈشتى ـ دە، كۈلكەم قىستاپ كەتتى. كۈلگىنىمنىڭ سەۋەبى شۇ ۋەجىدىن ئىدى.

ئوۋچىنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلىغان باغداد شەھىرىنىڭ ئەمەلدارى تاماق يېيىشتىن توختاپ، داستىخاندىن دەرھال قولىنى تارتىپ، سودىگەرگە نەپرەت بىلەن تىكىلدى ـ دە، غەزەپ بىلەن:

ــ ئەي بەتبەخت، بۇ كەكلىكلەر ھەقىقەتەنمۇ سېنىڭ سودىگەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىشتى، چۈنكى بۇ كەكلىك كاۋاپلىرىنى كۆرمىگەن بولساڭ، بۇ سىر زىنھار ئېچىلماس ئىدى، مانا ھازىر ئۆز تىلىڭ بىلەن قاتىللىق قىلغانلىقىڭغا ئىقرار بولدۇڭ. سەن بىگۇناھ سودىگەرنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ، ئېغىر جىنايەت سادىر قىپسەن. سەن دىلى قارا، باغرى تاش، ئادەمگەرچىلىك ۋە مېھىر ـ شەپقەتنى بىلمەيدىغان ئىپلاس ئىكەنسەن. بۇ توغرۇلۇق ئۆز تىلىڭ بىلەن گۇۋاھلىق بەردىڭ، سەن زىندانغا مەھكۇمسەن، ئۆلۈمگە لايىقسەن، ــ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن نۆكەرلەر ئوۋچىنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاپ ۋە قىيناشنى باشلاپتۇ.

## ئەقىللىق قۇمرى قۇش بالىسى

قۇمرى قۇشنىڭ بالىسى ئانىسىدىن ئايرىلىپ ئۇچۇشنى ئۆگىنىۋېتىپ، يولىدىن ئادىشىپ قالدى ۋە ئوۋچىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالدى، ئۇ بىچارە ھالدا ئوۋچىدىن سورىدى:

ــ ئەي ئادەملەرنىڭ مېھرىبانى، مېنى نېمە قىلماقچىسەن؟

قۇمرى قۇش بالىسىنىڭ ئىنسان تىلىدا سۆزلىگەنلىكىدىن ھەيران بولغان ئوۋچى جاۋاب بەردى:

ــ سېنى يەنە نېمە قىلاتتىم؟ ئۆلتۈرۈپ يەيمەن.

بۇنى ئاڭلىغان قۇمرى قۇش بالىسى قورقىنىدىن ئوۋچىغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

ــ ئەي ئادەملەرنىڭ ياخشىسى، مېنى بۇ كىچىك جېنىمدىن جۇدا قىلما، مېنى ئۆلتۈرۈپ يېسەڭ ئىشتىھايىڭغا دال بولالمايمەن، كىچىككىنە گۆشۈمگە بەربىر تويمايسەن، ئۇنىڭدىن كۆرە مېنى قويۇۋەر، مەن ساڭا ئۈچ جۈملە ھېكمەتلىك سۆز ئېيتىپ بېرەي، ئۇ ھېكمەتلەر ساڭا مېنىڭ گۆشۈمگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ پايدا ـ مەنپەئەتلەرنى يەتكۈزىدۇ، ھاياتىڭدا كۆپ ئەسقاتىدۇ. لېكىن شەرتىم شۇكى: ئاۋۋالقى ھېكمەتنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قولۇڭدا تۇرۇپ ئېيتىمەن، ئىككىنچىسىنى قولۇڭدىن ئۇچۇپ چىقىپ مانا بۇ دەرەخنىڭ شېخىغا قونۇپ تۇرۇپ ئېيتىمەن، ئاخىرقى ھېكمەتنى ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان قورام تاشنىڭ ئۈستىگە قونۇپ تۇرۇپ ئېيتىمەن.

ئوۋچى كىچىككىنە قۇش بالىسىنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ «ئالدى بىلەن ئۇنىڭ يەنە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمايمەنمۇ» دەپ ئويلاپتۇ ۋە قۇمرى قۇش بالىسىغا ئىجازەت بېرىپ دەپتۇ:

ــ قېنى ئېيتچۇ، قانداق ھېكمەتلىك سۆزلەرنى دەيدىغانلىقىڭنى بىر ئاڭلاپ باقاي.

نۇر كىتاب بىكتىپى www.nurkitap.com



قۇمرى قۇش بالىسى ئېيتىپتۇ:

ــ بىرىنچى نەسىھەتىم شۇكى، قولۇڭدىن كەتكەن نەرسىگە قەتئىي ئۆكۈنمە.

بۇ سۆز ئوۋچىغا يېقىپتۇ ۋە كېيىنكى ھېكمەتنى ئاڭلاش قىزغىنلىقىدا قۇمرى قۇش بالىسىنىڭ شەرتىگە بىنائەن ئۇنى قويۇپ بېرىپتۇ. قۇمرى قۇش بالىسى ئوۋچىنىڭ قولىدىن بوشىنىپ، نازۇك قاناتلىرىنى يېيىپ، ئۇچۇپ بېرىپ دەرەخ شېخىغا قونۇپ تۇرۇپ ئىككىنچى ھېكمەتلىك جۈملىنى ئېيتىپتۇ:

ــ ساڭا ھەدىيە قىلىدىغان ئىككىنچى جۈملەم شۇكى، تېپىلمايدىغان نەرسىنى ئىزدەپ ئاۋارە بولما.

ئوۋچى خۇرسەن بولۇپ، «بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر مەن ئۇچۇن ھەقىقەتەنمۇ بىر چىشلەم گۆشتىن ئەۋزەل» دەپ ئويلاپ، ئۈچىنچى جۈملىنى ئاڭلاش ئۈچۈن قۇمرى قۇش بالىسىغا كۆلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. قۇش بالىسى دەرەخ شېخىدىن پۇررىدە ئۇچۇپ بېرىپ، يىراقتىكى قورام تاشنىڭ ئۈستىگە قونۇپتۇ ۋە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۈچىنچى جۈملىنى ئېيتىپتۇ:

ــ ئاخىرقى ھېكمەتلىك سۆزۈم شۇكى، مەۋجۇت بولمىغان نەرسىگە ئۈمىد باغلىما.

ئوۋچى بۇ گۈزەل سۆزلەرنى ئاڭلاپ، مەنىسىنى چۈشىنىپ ئۈلگۈرمەيلا تۇرۇپلا، قۇمرى قۇش بالىسى ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ئوۋچىغا قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر قىلغانلىقىنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە قاناتلىرىنى قېقىپ تۇرۇپ يېقىملىق ئاۋازلىرى بىلەن شۇنداق دەپتۇ:

ــ ئەي ئوۋچى، ئەي خام سۈت ئەمگەن بەندە، مۇبادا مېنى سويۇپ يېگەن بولساڭ، يۇمشاق ھەم تاتلىق گۆشۈمدىن لەززەتلىنىپلا قالماي، بەلكى قورسىقىمدىكى كەپتەر تۇخۇمىدەك چوڭلۇقتىكى بىباھا گۆھەرگىمۇ ئېرىشكەن بولاتتىڭ ئەمەسمۇ!

بۇنى ئاڭلىغان ئوۋچى قۇمرى قۇش بالىسىنى قويۇپ بەرگىنىگە مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ ھەسرەت چېكىپتۇ ۋە ئۇنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئالداپ، قايتىدىن قولغا چۈشۈرمەكچى بولۇپ، سىپايىلىك بىلەن دەپتۇ:

ــ كەل ئەزىزىم، يېنىمغا كەل، سېنىڭ چىرايلىق قاناتلىرىڭنى ۋە گۈزەل ئاۋازىڭنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەنكى، يېنىمغا قايتىپ كەلسەڭ سېنى يېگى ۋە پاكىز كۆنجۈت ھەم سۈزۈك بۇلاق سۈيى بىلەن پەرۋىش قىلىپ باقىمەن.

قۇمرى قۇش بالىسى بىپايان ھاۋا بوشلۇقىدا قانات قېقىپ، ئەركىن پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، ئوۋچىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ شۇنداق دەپتۇ:

ــ ئەي نادان، مېنى سويۇپ يېمىگىنىڭگە ۋە قورسىقىمدىكى گۆھەرگە ئېرىشەلمىگىنىڭگە ئۆكۈنۈپ، پۇشايمان قىلىپ ھەسرەت چېكىۋاتامسەن؟ مەن ساڭا ھازىرلا ئېيتقان پەند ـ نەسىھەتلەرنى دەقىقە ئىچىدە ئۇنۇتتۇڭمۇ؟ بىھۇدە ئاۋارە بولما، مېنى ئەمدى ھەرگىزمۇ تۇتالمايسەن. ئەي ھاماقەت ئىنسان، سەن مېنىڭ قورسىقىمدا گۆھەر بارلىقىغا راستىلا ئىشەندىڭمۇ؟ ئۆزۈم بارماقچىلىك تۇرسام، كەپتەر تۇخۇمىدەك گۆھەر قورسىقىمغا قانداق سىغسۇن؟ بىچارە ئەخمەق ئىنسان...

## دوكنىڭ ئارزۇسى

ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر مەھەللىسىدىكى دوك ئادەمدىن سوراشتى:

ــ ئەي بۇرادەر، تەڭرى تەئالادىن دۈمبەڭنى ساغلام ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشاش تۈپتۈز تۈزلەپ قويۇشنى تىلەمسەن ياكى باشقىلارنىمۇ ساڭا ئوخشاش قەددى پۈكۈلگەن دوك قىلىپ يارىتىشنى تىلەمسەن؟

دوك جاۋاب بەردى:

— مەن تەڭرى تەئالادىن باشقىلارنىمۇ ماڭا ئوخشاش دوك قىلىپ يارىتىشىنى تىلەيمەن، چۈنكى باشقىلار ماڭا قانداق كۆز بىلەن قارىغان بولسا، مەنمۇ ئۇلارغا شۇنداق كۆز بىلەن قاراشنى ئارزۇ قىلىمەن.

### دېھقان بىلەن ئوغرى

دېھقان ئېكىنزارلىقنى ئايلىنىپ يۈرگىنىدە، بىر ئوغرىنىڭ ئۇنىڭ پىيازلىرىنى يۇلۇپ تاغارغا قاچىلاپ قېچىشقا تەمشىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ غەزەپلىنىپ ئوغرىدىن سورىدى:

— مېنىڭ ئىجازىتىمسىز ئېكىنزارلىقىمدا نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

ئوغرى تەمتىرىمەستىن جاۋاب بەردى:

— يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندىم، تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپ مېنى ئۇچۇرۇپ مۇشۇ يەرگە ئەكىلىپ تاشلىدى.

دېھقان سورىدى:

— پىيازلارنى نېمىشقا يۇلدۇڭ؟

ئوغرى جاۋاب بەردى:

— بوران ئۇچۇرۇپ كەتمىسۇن دەپ پىيازنىڭ غولىغا ئېسىلىۋالغاندىم، پىيازنىڭ يىلتىزى تېيىز، تۇپراق يۇمشاق ئىكەن، يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

ئوغرىنىڭ گەپدانلىقىدىن كۈلكىسى قىستىغان دېھقاننىڭ يۈزىدە غەزەپ ئورنىغا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى ـ دە، يەنە سورىدى:

— بۇ گەپلىرىڭگە ماقۇل دەپ تۇراي، ئۇنداقتا قېنى ئېيتقىنچۇ، پىيازلارنى تاغارغا كىم سالدى؟

ئوغرى ئىككىلەنمەستىن جاۋاب بەردى:

— خۇدا ھەققى، مەنمۇ نەق مۇشۇ مەسىلىنى ئويلاپ ھەيران بولۇپ تۇرغاندىم، دەل شۇ ۋاقىتتا سىز كېلىپ قالدىڭىز.

### ئاداشقان ئوغرى

بىر كۈنى تۈن كېچىدە ئىنتايىن كەمبەغەل بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىردى. ئوغرىنىڭ پۇلغا يارىغۇدەك بىرەر نەرسە تېپىش كويىدا تىمىسقىلاۋاتقىنىنى سېزىپ قالغان ئۆي ئىگىسى ئوغرىغا مۇنداق دېدى:

— ئەي بۇرادەر، ئارتۇقچە ئاۋارە بولما، سەن تۈن قاراڭغۇسىدا ئىزدەۋاتقان شۇ نەرسىنى بىز كۈندۈزدە چىراغ يېقىپمۇ تاپالمايمىز.

### ساددا مۇغەمبەر

بىر سەمەرقەنتلىك يىگىت ئوقسىز كامانىنى كۆتۈرۈپ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرغان نۆكەرلەر سورىدى:

— ئوقلىرىڭ قېنى؟

كىتاب تورى بىلگىلى www.turkitap.com


سەمەرقەنتلىك يىگىت جاۋاب بەردى:
ــ دۈشمەن تەرەپتىن كېلىپ قالار.
ئۇلار قىزىقىپ يەنە سورىدى:
ــ دۈشمەن تەرەپتىن كەلمىسە قانداق قىلىسەن؟
سەمەرقەنتلىك كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:
ــ ئۇنداقتا ئۇرۇش بولمايدۇ ــ دە.

## كەمبەغەلنىڭ ئۆيى

بىر كەمبەغەل كىشى ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىش ئىزدەپ كېتىۋېتىپ يولدا مېيىت ئۇزىتىپ، تاۋۇت كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلارغا يولۇقۇپ قالدى. ئوغلى سورىدى:
ــ دادا، ئادەملەر كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان نەرسىنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟
دادا ئوغلىغا جاۋاب بەردى:
ــ ئوغلۇم، ئادەملەر كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئۇ نەرسىنىڭ ئىسمىنى تاۋۇت دەيمىز، ئۇنىڭ ئىچىدە ئادەم بار.
ئوغۇل يەنە سورىدى:
ــ ئۇنداقتا كىشىلەر ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئادەمنى قاياققا ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ؟
دادا ئوغلىغا جاۋاب بەردى:
ــ ئوغلۇم، كىشىلەر ئۇنى شۇنداق بىر جايغا ئېلىپ كېتىشىۋاتىدۇكى، ئۇ يەردە كىيىمشكە كىيىم، يې ـ يىشكە نان، ئىچىشكە سۇ يوق، يا ياقىدىغان ئوتۇن، ياتىدىغان يوتقان ــ كۆرپە، ئولتۇرۇشقا گىلەممۇ يوق.
ئوغلى دادىسىغا قاراپ دېدى:
ــ ھە چۈشەندىم، ئەسلىدە كىشىلەر ئۇ ئادەمنى بىزنىڭ ئۆيگە ئېلىپ كېتىشىۋاتقانىكەن ــ دە.

## غەمخور قېرىنداشلار

بىر سېخىي ئادەمنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا تاپا ــ تەنە قىلىپ دېدى:
ــ سىزنىڭ ئاكا ــ ئۇكىلىرىڭىزغا ئوخشاش تۇزكور قېرىنداشلارنى ئەزەلدىن كۆرمىگەنمەن، ئىش ــ ئوقىتىڭىز يۈرۈشۈپ تۇرغان مەزگىللەردە كۈندە ئەتراپىڭىزدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ، پايپېتەك بولۇشۇپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى ئىشلىرىڭىز يۈرۈشمەي قېلىۋىدى، بىرەرىمۇ قارىسىنى كۆرسىتىشمىدى، ھەتتا ئەھۋال سوراپ قويۇشقىمۇ يارىمىدى.
سېخىي كىشى خوتۇنىنىڭ تاپا ــ تەنىلىرىگە جاۋابەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:
ــ قېرىنداشلىرىمدىن ئورۇنسىز رەنجىۋاتىسەن، خوتۇن، بۇ ئۇلارنىڭ ماڭا ئىنتايىن كۆيۈنىدىغانلىقىنى ۋە غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى، ئېغىر كۈنلىرىمدە ئارتۇقچە غەم ــ تەشۋىشلىرىمنىڭ بولۇشىنى خالىمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ساھىبجامال

سەمەرقەنتتە مال ــ دۇنياسى ھەددى ــ ھېسابسىز تولىمۇ بېخىل بىر باي ياشايتتى. ئۇنىڭ ھۆسن ــ

لاتاپەتتە تەڭدىشى يوق بىر خوتۇنى بار ئىدى. ئۇ خوتۇن ئېرىنىڭ بېخىللىقىدىن بىزار ئىدى، شۇ سەۋەب-تىن، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئۇرۇش - جېدەل ئۈزۈلمەيتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەر - خوتۇن ئىككىسى مەلۇم بىر مۇھىم ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن پۇل خىراجەت قىلىش ياكى قىلماسلىق ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىشىپ جاڭجاللىشىپ قالدى. نەتىجىدە، خوتۇنغا پۇل بېرىشنى خالىمىغان پىخسىق باي ئايالىنى تالاق قىلىپ، ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى.

شۇ كۈنلەردە، ئايالنىڭ گۈزەللىكتە يېگانىلىكى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. گۈزەل ئايالغا غايىبانە ئاشىق بولغان پادىشاھ ئايالنى ئەمرىگە ئېلىش ئارزۇسىدا ئۇنىڭ تۇرالغۇسىغا ئەلچى ئەۋەتتى. گۈزەل ئايال ئەلچىلەرگە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بىر شەرتىم بار، ئەگەر پادىشاھ شەرتىمنى قوبۇل قىلسا، مەنمۇ ئۇنى ئۆزۈمگە قوبۇل كۆرىمەن، مۇبادا شەرتىم ئورۇنلانمىسا، شاھنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىمەن.

ئەلچىلەر دېدى:

— قېنى شەرتىڭىزنى ئېيتىڭ.

ئايال ئېيتتى:

— شەرتىم شۇكى، پادىشاھ مېنى ئوردىغا ئۆزىنىڭ تەختىراۋىنىدا ئېلىپ بارسۇن، تەختىراۋاننى كۆتۈرۈشنى مېنىڭ ئىلگىرىكى ئېرىمگە تاپشۇرسۇن.

پادىشاھ ئايالنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئىشلارنى ئايالنىڭ تەلىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇردى. توي كۈنى، گۈزەل ئايالنىڭ ئىلگىرىكى بېخىل باي ئېرى ئۇ ئولتۇرغان تەختىراۋاننى كۆتۈرۈپ، شاھ ئوردى-سىغا كېتىپ بارغىنىدا، ئايال مەقسەتلىك ھالدا يېنىدىن بىر تىللا پۇلنى چىقىرىپ يەرگە تاشلىدى ۋە بۇيرۇدى:

— يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بىر يارماقنى ئېلىپ بېرىڭ.

بېخىل باي تەختىراۋاننى ئاۋايلاپ يەرگە قويۇپ، ئېگىلىپ تۇرۇپ يەردىكى بىر تىللانى قولىغا ئالدى ۋە دېدى:

— مەلىكەم، بۇ كونا يارماق ئەمەس تىللا ئىكەنغۇ.

گۈزەل ئايال كىنايە قىلغان تەلەپپۇزدا بىر تال ئەسكى يارماققىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئەردىن ئايرىلىپ، پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىق خانىشىغا ئايلانغانلىقىغا ئىشارە قىلىپ شۇنداق دېدى:

— يوقالغان بىر يارمىقىم ئورنىغا تىللا بەرگەن رەببىمگە مەدھىيەلەر بولسۇن!

## مال دەردى

بىر ياخشى كىشىنىڭ ئۆيىدە چاشقان پەيدا بولۇپ قالدى. ئۆيدىكى مۈشۈك قانچە قىلىپمۇ چاشقاننى تۇتالمىدى. چاشقان بولسا بەھوزۇر ئۆينىڭ تاملىرىنى كولاپ ئۆتمە - تۆشۈك قىلىۋەتتى. چاشقاننى تۇ-تۇشنىڭ بارلىق ئامالىرىنى قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنى تۇتالمىغانلىقى ئۈچۈن پىغانى ئۆرلەپ، جەھلى چىققان ئۆي ئىگىسى كەچقۇرۇن چاشقان كىرىپ كەتكەن تامنىڭ تۆشۈكىگە قولىنى تىقتى - يۇ، قولىغا ئۇرۇنغان كىچىككىنە ئىككى دانە تاشنى تارتىپ ئېلىپ ھەيران بولدى. بۇ ناھايىتى كەم تېپىلىد-غان، ئىنتايىن قىممەت باھالىق مەرۋايىت ئىدى. ئۆي ئىگىسى خۇشاللىقىدىن ياراتقان رەببىگە مەدھىيەلەر-نى ئېيتتى، چاشقان بولسا مەرۋايىتنى ئىزدەپ بىر كېچە تىنىم تاپماستىن ئۇ تۆشۈكتىن بۇ تۆشۈككە

يوگورۇپ ھالسىزلىنىپ يەرگە يىقىلدى ۋە تىن تارتماستىن جان تەسلىم قىلدى.

### تەشۋىش

بىر كىشىنىڭ ناھايىتى سەت بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ بويىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى بىرەر ئەلچى كېلىپ تاقىلدىتىپمۇ باقمىدى. قىزىنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن ئاتا ـ ئانا ئىلاجسىز قىزىنى بىر ئەما كىشىگە ياتلىق قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي شەھەرگە ناھايىتى ماھىر بىر تېۋىپنىڭ كەلگەنلىكى، ھەر قانداق ئېغىر كېسەلنى داۋالاپ ساقايتالايدىغانلىقى، بولۇپمۇ كۆز كېسەللىكلىرىنى ئۇنۇملۇك داۋالاپ ساقايتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالدى. ئەر ئايالىغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ، كويىۇ ئوغلىنى تېۋىپقا كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ كۆزىنى داۋالىتىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. ئانا بولغۇچى ئېرىنىڭ تەكلىپىگە زىنھار قوشۇلمىدى ۋە جىددىي رەۋىشتە دېدى:

— ۋاي دادىسى، ھەرگىزمۇ كويىۇ ئوغلىڭىزنىڭ كۆزىنى داۋالىتىپ ساقايتىش كويىدا بولماڭ، چۈنكى كويىۇ ئوغلىمىزنىڭ كۆزى ئېچىلسا، قىزىمىزنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىشىدىن قورقىمەن.

### ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەت

بىر ئايال لەيس ئىبنى سەئىدنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ، ئۇنىڭدىن ئازغىنا ھەسەل سورىدى. لەيس ئىبنى سەئىد خىزمەتكارلىرىغا ئايالغا ھەسەل بېرىشنى بۇيرىدى. ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا:

— ئۇ ئايالغا سورىغىنىغا يارىشا ئازراقلا بەرسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ؟ — دېيىشتى.

لەيس ئىبنى سەئىد مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئۇ ئايال ئۆز ئېھتىياجىغا يارىشا سورىدى، بىز بولساق ئۆز ئىمكانىيەتلىرىمىزگە يارىشا بەردۇق.

[نەشرگە تەييارلىغۇچى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقات ئىشخانىسىدا ]



ئەلى ئىبنى مۇسا ئەررىزا

# يوشۇرۇن مەرۋايىتلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** «يوشۇرۇن مەرۋايىتلار» (لۇئلۇئۇل ـ مەكنۇن) ناملىق ئەسىرى باشتىن ـ ئاخىر ئەدەپ ـ ئەخلاق تېمىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئاپتورى ئەلى ئىبنى مۇسا ئەررىزا (765 ـ ياكى 770 ــ 818). بۇ ئەسەردە ئاتا ـ بالىلارنىڭ ئەڭ گۈزەل خۇلۇقلىرى، ئىبرەتلىك سۆزلىرى، ھېكمەتلىرى بايان قىلىنغان. بۇقرات، ئارەستۇ، لوقمانى ھەكىم ۋە باشقا شەرق ھەكىملىرىنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرى، ھېكمەتلىك سۆزلىرى ۋە شېئىرلىرى ئارقىلىق ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇستازنى ھۆرمەتلەش، توغرا سۆزلۈك بولۇش، ۋىجدان بىلەن ياشاش، دوستلۇق ۋە ساداقەت قائىدىلىرى بايان قىلىنغان. يامان ئىللەتلەر، ناچار خىسلەتلەر ھېكمەت ۋە ھېكايەتلەر ئاساسىدا يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئىمام ئەلى ئىبنى مۇسا ئۆز دەۋرىنىڭ يىتۇك ئالىمى بولۇپ، داڭقى تۆت ئىقلىمغا تارالغان. ھەتتا خەلىپە ئەل مەئمۇن (813 ــ 833 ـ يىللار)مۇ ئۇنىڭغا ئاجايىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇنى 816 ـ يىلى «تەخت ۋارىسى» دەپ ئېلان قىلغان ۋە ئۆز قىزى ئۇممۇ ھەبىبەنى ئۇنىڭغا بەرگەن. ئەمما، كېيىنكى بەزى مەلۇماتلاردا ئىمام ئەلى ئىبنى مۇسا ئەررىزانىڭ خەلىپە ئەل مەئمۇننىڭ بۇيرۇقى بىلەن 818 ـ يىلى تۇس شەھىرى يېنىدىكى نوقان دېگەن يەردە زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بىراق، بۇ مەلۇمات «قامۇسۇل ـ ئەئلام» دېگەن مۆتىۋەر ئەسەردىكى مەلۇماتقا زىت بولۇپ، ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە، خەلىپە ئەل مەئمۇن مۇسا ئەررىزانىڭ جىنازا نامىزىنى ئۆزى ئوقۇغان ۋە ئاتىسى ھارۇن ئەررەشىدنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلغان. ئىمام ئەلى ئىبنى مۇسا ئەررىزا دەپنە قىلىنغان سەھرا كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەشھەدى ئەلى رىزا دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، زىيارەتگاھقا ئايلانغان. ھازىر بولسا ئۇ چوڭ بىر شەھەرگە ئايلانغان بولۇپ، مەشھەد دەپ ئاتىلىدۇ.

«يوشۇرۇن مەرۋايىتلار» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىدە يېزىلىشىچە، بىر كۈنى خەلىپە ئەل مەئمۇن ئىمام ئەلى ئىبنى مۇسا ئەررىزاغا ئىلتىماس قىلىپ: «ئەي ئۇستاز، ئەللامە، ھۆكۈمالارنىڭ تەۋەررۇك نەسىھەتلىرىدىن مۇبارەك قۇلىقىڭىزغا نېمىلا يەتكەن بولسا، بىزگە يېزىپ بەرسىڭىز، دېگەن ئۈمىدتىمەن، ئۇنى مۇتالىئە قىلىشتىن كۆزۈمگە نۇر ۋە يۈرىكىمگە ھوزۇر ھاسىل بولسۇن» دەيدۇ. مۇسا ئىبنى ئەررىزا بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ، مەزكۇر رىسالەنى يازىدۇ ۋە ئۇنى «لۇئلۇئۇل ـ مەكنۇن» (يوشۇرۇن مەرۋايىتلار) دەپ ئاتايدۇ.

ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، تارىختىن بېرى ئەڭ قىممەتلىك ئەخلاقىي ئوقۇشلۇق سۈپىتىدە تەكرار كۆچۈرۈلۈپ، نەشر قىلىنىپ كېلىنگەن. بىز بۇ ئەسەرنىڭ مەھمۇد ھەسەنىي تەرىپىدىن ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان نۇسخىسىغا ئاساسەن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇندۇق.

ھېكمەت ئىلمىنىڭ غەۋۋاسلىرى ۋە ۋەز ـ نەسىھەت ئۇستازلىرىنىڭ نۇرلۇق قەلبلىرىدىن مەخپىي قالمىسۇنكى، ئىنسان ئۇچۇن ئاتا قىلىنغان ئەڭ ياخشى نېمەت جانبەخش كالام ۋە راھەتلىنەرلىك نۇتۇقتۇر. يەنە ھەكىملەرنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرى شۇنداق قىممەتلىك گۆھەر ۋە شۇنداق ئاجايىپ دۇرتۇركى، ئالەمنىڭ ئاۋۋىلىدىن تاكى ئاخىرقى دەملىرىگىچە ئەھلى ئالەم قۇلىقىنىڭ زىننەتلىك گۆھىرىدۇر.

مۆتىۋەر كىتابلاردا يېزىلىشىچە، مەئمۇن ئەررەشىد بىر كۈنى ھەزرىتى ئىمام ئەلى ئىبنى مۇسا ئەررىزاغا ئىلتىماس قىلىپ: «ئەي ئۇستاز، ئەللامە، ھۆكۈمالارنىڭ تەۋەررۇك نەسىھەتلىرىدىن مۇبارەك قولىڭىزغا نېمىلا يەتكەن بولسا، بىزگە يېزىپ بەرسىڭىز، دېگەن ئۈمىدتىمەن. ئۇنى مۇتالىئە قىلىشتىن كۆزۈمگە نۇر ۋە يۈرىكىمگە ھوزۇر ھاسىل بولسۇن» دېدى. ھەزرىتى مۇسا ئىبنى ئەررىزا بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ، مەزكۇر رىسالىنى يازدى ۋە ئۇنى «لۇئلۇئۇل ـ مەكنۇن» (يوشۇرۇن مەرۋايىتلار) دەپ ئاتىدى. خەلىپە مەئمۇن بۇ رىسالىنى ئالتۇن سۈيى بىلەن كۆچۈرۈشنى بۇيرۇدى ۋە ئۇنى دائىم ئۆزى بىلەن ھەمراھ قىلىپ، ۋاقىت تاپسىلا مۇتالىئە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى.

كىمكى بۇ رىسالىدىكى ھۆكۈملەردىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسا، ئەسىرىنىڭ يېگانىسى ۋە دەۋرىنىڭ دۇردانىسى بولىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىشقا بولىدۇ.

ئېيتىلىشىچە، ئىسكەندەر تەلىم ئېلىشتىن بوشىغاندىن كېيىن، ئۇنى بىر يىغىلىشقا ئېلىپ كەلدى، ئارەستۇ ئۇنىڭدىن ئىلمىي ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەردىن سوئال سورىدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ بارچە سوئاللىرىغا ۋەزمىنلىك بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك جاۋاب بەردى. ئارەستۇ تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئورنىغا يېقىمسىز سۆزلەر بىلەن ئۇنى رەنجىتتى. ئولتۇرغانلار ئارەستۇنى زالىملىقتا ۋە ھېكمەت قائىدىسىدىن يىراقلىقتا ئەيىبلىدى. كېيىن بۇ ۋەقەنىڭ سىرىنى سورىدى. ئارەستۇ:

ــــ ئىسكەندەر ئاتا ئۆيىدە ۋە ئانا باغرىدا نازۇ ـ نېمەت بىلەن پەرۋىش تاپقان بىر گۆدەك، شۇڭا ئۇنىڭغا زۇلۇم ۋە جەبرىنىڭ تەمىنى تېتىتقۇزدۇم، تاكى ئۇ جەبرىنىڭ ئاچچىقلىقىنى بىلىپ، قولىنى خەلققە ئادالەتسىزلىك ۋە يامانلىق قىلىشتىن تارتىدىغان بولسۇن، ــــ دەپ جاۋاب بەردى.

* * *

بىر ھەكىم ئۆز پەرزەنتىگە دېدى:

ــــ ئىككىلا ئالەمدە سائادەتلىك بولاي دېسەڭ تۆۋەندىكى پەند ـ نەسىھەتلەرگە ئەمەل قىل! ئەي پەرزەنت، ۋىجدانلىق بول، ياراتقۇچىنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولما، ھەرقانچە دانا بولساڭمۇ ئۆزۈڭنى ناھايىتى نادان دەپ تەسەۋۋۇر قىل، شۇنداق قىلساڭ يەنىمۇ داناراق بولىسەن، ئىلمىڭ قانچىلىك كۆپ بولسىمۇ يەنە ئىلىم تەھسىل قىل ۋە بۇ ئىلىمنى ئۆز ئورنىغا ئىشلەت! ئېيتقان سۆزۈڭنى تەكرارلاۋەرمىگىن، چۈنكى تەكرار سۆزنى ئاڭلاش سۆزلىگۈچى ئۈچۈنمۇ، ئاڭلىغۇچى ئۈچۈنمۇ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتۇر. ئاددىي ئادەمگە ئاددىي، ئالىمغا ئالىملارچە چۈشەندۈر، سۆزنى ھەربىر ئادەمنىڭ پەم ـ پاراسىتىگە لايىق سۆزلە، سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىدىن قانداق ئادەملىكىنى بىلىشنى ئۆگەن. چۈنكى، ھەزرىتى ئەلى ئېيتىدۇ: «كىشىنىڭ زىننىتى كىيىمىدە ئەمەس، بەلكى تىلىدىدۇر.» ھەربىر نەرسىگە ئادالەت كۆزى بىلەن قارا، شۇنىڭدا ھەقنى ناھەقتىن ئايرىيالايسەن. ئادەملەردىن بىرەر ئىشنى ئاڭلىساڭ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئېھتىيات بولغىنكى، خەلق ئىچىدە داۋا ۋە غوۋغا يۈز بەرمىسۇن. ھەر بىر ئىشتا ئوت-

تۇرىچە بول. ھەرقانچە مۇكەممەل بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى چالىراق ھېس قىل. گۆھەر بىلەن ئەمەس، ھۈنەر بىلەن پەخىرلەن. ئاتا پەزىلىتى بىلەن ئەمەس، ئۆز پەزىلىتىڭ بىلەن كېرىل. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەزرىتى ئەلى ئېيتىدۇ: «ئىنساننىڭ شەرىپى ئەسلى ۋە نەسلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەدەپ ۋە پەزلى بىلەندۇر.»

بولاي دېسەڭ زامان سەرخىلى،
ئەدەپ ئۆگەن، ئىلىم ھاسىل قىل.
ئەجدادىڭنىڭ چىرىغان سۆڭىكى،
ساڭا زىنھار پايدا بەرمەس، بىل.

ئۇ يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ دېدى:
— ئەي پەرزەنت، يالغاندەك تۇيۇلىدىغان راستنى سۆزلەشتىن ئېھتىيات قىل. سەندىن بىرەر نەرسە ھەققىدە سورىسا، ھەرقانچە مۇكەممەل بىلسەڭمۇ، تازا بىلمەيدىغان ئادەمدەك سۆزلە، يەنى بىلگىنىڭگە مەغرۇرلانما. دۇنيادا رەنجۇ كۈلپەت تارتماي دېسەڭ، ساڭا ئىشىنىپ ئېيتىلغان سىرنى ئاشكارىلىما.

بۇقرات ھەكىم نەسىھەتى

ئۇ دېدى:
— پەند ـ نەسىھەتنى ئاڭلاش كۆڭۈلنى روشەن قىلىدۇ، دانالىقنى ئاشۇرىدۇ. كىمكى ئۆز ئىشلىرىنى ھېكمەت قانۇنى ۋە ئېتىقاد يولىغا ئاساسلىنىپ قىلسا، بۇ جاھاننىڭ مۇشەققىتى ۋە ئۇ جاھاننىڭ ئازابىدىن خالاس بولىدۇ. ناداننىڭ ئۆلۈمى خالايىقنىڭ راھىتىدۇر. قوپالنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ. شېرىن سۆزلۈك دۈشمەن قوپال دوستتىن ياخشىدۇر. ئەقىلسىز ۋە يۈرىكى قارا كىشى بىلەن سۆھبەتداش بولۇش ئەقىلسىزلىك بەلگىسىدۇر. دانا بىلەن قىلىنغان مەسلىھەت پۇشايمانلىق يولىغا قويۇلغان توسۇقتۇر. سىنالمىغان ئادەمگە ئىشىنىش ئەبلەخلىق بەلگىسىدۇر.

ئىككى نەرسە باركى، قانچىلىك كىچىك كۆرۈنسۇن، ئەسلىدە ئىنتايىن چوڭ: ھەكىملەرنىڭ نەسىھەتى ۋە سۇلتاننىڭ غەزىپى. ئۆز ئەيىبىنى كۆرمەي، ئۆزگىلەرنىڭ ئەيىبىنى قىدىرىش بىلەن مەشغۇل بولىغان كىشى ئەڭ ئەبلەخ كىشىدۇر. ئىككى نەرسە باركى، ئەللاملەردىن باشقا كىشىلەردە بولمايدۇ: ئەقىل ۋە باتۇرلۇق. ئىككى كىشىدىن قورقۇش زۆرۈر: بىرى زەئىپ دۈشمەن، ئىككىنچىسى دائىم ئۆزرە ئېيتىۋېرىدىغان كىشى.
يەنە دېدى:
— ئىككى خاتادىن كېلىدىغان ئاقىۋەت خەتەرلىك: بىرى، ئۆزرە ئېيتىدىغان كىشىنىڭ ئۆزرىسىنى ئاڭلاش ۋە يالغاندىن قەسەم ئىچىش. ئىككى كىشى دائىما بايدۇر ۋە ھېچقاچان كەمبەغەل بولمايدۇ: بىرى ئالىم، ئىككىنچىسى قانائەت ئىگىسى.

ھېكايە قىلىنىشىچە، پارس مەملىكىتىدە بىر شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ نامىنى ئىستاغار دەپ ئاتايتتى. ئېيتىلىشىچە، شۇ شەھەردىن بىر خەزىنە تېپىۋېلىنغان بولۇپ، خەزىنە ئۈستىدە لەۋھە (تاختاي) بىلىندى ۋە شۇ لەۋھەگە ھەر خىل نەسىھەتلەر يېزىلغانىدى: «ئۆزىنى ساقلاشقا قارىغاندا بارچە نەرسىنى ساقلىماق ئاسانراق. كىمنى ھايات دانا قىلالمىغان بولسا، ئۇنى ھېچكىم دانا قىلالمايدۇ. بىراۋدىن باشقا كىشىلەرگە پايدا يەتمىسە، ئۇنداق ئادەمنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنىڭ پەرقى يوقتۇر. بىراۋنىڭ ھاجىتى

چۈشكەندە قولىدىن كەلسىمۇ ھاجىتىنى راۋا قىلمىغان ئادەم ھەقىقىي پەسكەش ئادەمدۇر. ھەر كىم بىراۋنىڭ يامانلىقى ھەققىدە سېنىڭ ئالدىڭدا گەپ قىلغاندىن كۆرە، ساڭا ناھەق سۆزنى قىلغىنى ياخشى. ماختىنىپ، لاپ ئۇرۇپ، ئۇنى بىجىرەلمىگەن كىشى ئەڭ شەرمەندە كىشىدۇر. ئاددىيلىقتىن ئۇلۇغلۇققا يېتىپ، ئاددىيلىقتىكى ھالى بىلەن ئىش تۇتىدىغان ۋە مۇئامىلە قىلىدىغان كىشى ئەڭ دانا كىشىدۇر.»

## ئاسەف ئىبنى بىرىيانىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا پەندىنامىسى

ئاسەف ئىبنى بىرىيا مۇنداق دەيدۇ:

— ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى داناسىدۇر. ئۇلارنىڭ داناسى بولسا ئۇ دۇنيانى دەپ بۇ دۇنيادا ساۋاب ئىشلارنى قىلىدۇ، مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ئۆزىنى ئوتقا ـ چوغقا ئۇرمايدۇ.

## ئېۋنكلىد ھەكىم نەسىھەتى

ئېۋنكلىد مۇنداق دەيدۇ:

— كېسەللىكتىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنى يامان تائاملاردىن يىراق قىلمايدىغان، ئۇ دۇنيا ئازابىدىن قورقماي، بىمالال گۇناھ ۋە يامان ئىشلارغا قول تىقىۋېرىدىغان ئادەمدىن تەئەججۈپلىنىمەن!

يەنە مۇنداق دەيدۇ:

— ئىلمىگە ئەمەل قىلمىغان ئالىم ۋە بىلمىسىز ئابىد (تەركىدۇنيا بولغان كىشى) تۈگمەن تېشىغا ئوخشايدۇ، كېچە ـ كۈندۈز قىيىنچىلىقتا ئايلىنىپ، سەرگەردانلىقتا يۈرىدۇ، ئەمما ئۆز ھالىنى ئۆزى بىلمەيدۇ.

## بۇزرۇكمېھر ھېكمەتلىرىدىن

بىر كىشى بۇزرۇكمېھردىن:

— ئادەملەر ئىنتىلسە بولمايدىغان ئىشلار قايسى؟ — دەپ سورىدى.

— ناكەسلەرنىڭ ماختىشىنى ئاڭلىماسلىق ۋە پەسكەش كىشىلەردىن ئۈمىد كۈتمەسلىك، — دەپ جاۋاب بەردى بۇزرۇكمېھر.

ئۇ كىشى سوئالىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيانى نېمە بىلەن تېپىش مۇمكىن؟

— ياخشىلىق، ئىلىم ۋە توغرىلىق بىلەن.

— نادامەت چەككۈچى كىم؟

— ئالدىراڭغۇلار ۋە ئۆزىنى بىلەرمەن چاغلايدىغانلار. «ئۆزى بىلەرمەن قۇرۇلۇشچى قۇرغان بىنانىڭ تېمى دائىم پۇشايمانلىق ئىچىدە بولىدۇ.»

— زايە بولغان ئۆمۈر قايسى؟

— بىراۋغا ياخشىلىق قىلىش مۇمكىن بولۇپ تۇرۇپ، قىلمىغان ئۆمۈر.

— دانالىقتا ئۈزۈك بولغۇچى نېمە؟
— توغرا پىكىر.
— شىجائەت نېمە؟.
— ئۆزرە سوراش.
— قايسى ھۈنەر ئەڭ ياخشى؟
— ئىلىم ھۈنىرى.
— كىم بىلەن دوست بولۇش كېرەك؟
— ھەسەتتىن يىراق يۈرگەن كىشى بىلەن.
— ئەقىللىك كىشىلەر كىمدىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك؟
— ھۈرۈن سالپا ـ ساياقلاردىن ۋە خەسىس بايدىن.
— ھەقىقىي مەرد كىم؟
— نەرسە بېرىپ، ئارقىسىدىن شادلانمىغان ۋە ھېچقاچان مىننەت قىلمىغان كىشى.
— ئەقىللىك كىشى كىم؟
— ھېچكىمگە خۇسۇمەت قىلمايدىغان كىشى.
— مۇرۇۋۋەتنى نېمە بۇزىدۇ؟
— كىبىر، رىيا ۋە غۇرۇر.
— بەختلىك بولغۇچى كىم؟
— ئۈچ نەرسىنى ئۈچ نەرسە بىلەن، يەنى پىكىرنى توغرىلىق بىلەن، سۆزنى راستچىللىق بىلەن، پېئىلنى ساخاۋەت بىلەن بېزىگەن كىشى.
نەزم:

ئۈمىد قىلساڭ ئەگەر مېۋە يېمەكنى،
ئېگىپ كەرەم دەرىخىنىڭ غولىنى.
كەرەملىك بول، چۈنكى بولسا قىيامەت،
ياخشىلىقتا قاراپ بېرەر جەننەتنى.

— نامۇناسىپ دوستتىن قانداق قۇتۇلۇش كېرەك؟
— زىيارىتىگە بارماسلىق، خەۋەر ئالماسلىق، نەرسە سورىماسلىق بىلەن.
— ئەخمەقلەرگە قانداق جازا بېرىش كېرەك؟
— ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇش بىلەن.
— پاكىزە ئىنسانلاردىن قانداق ئۆزرە سوراش كېرەك؟
— ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش بىلەن.
— ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرى قاچان ئاشكارا بولىدۇ؟
— مەستلىك پەيتىدە.
— نېمە كۆزنى روشەن قىلىدۇ؟

كىتاب تورى ئۆركىتاپ www.uyghurkitap.com

— ئادىل پادىشاھ، يىتۈك ئۆلىما، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ياخشى نام چىقارغان پەرزەنت.

نەزم:

سەككىز نەرسە باردۇر كۆزگە پايدىلىق شۇنچە،
بىقىپ تۈرگىن پۈرسەت بولسا كۆزگە نۇردۇر ئۇ.
ئۇلاردۇر: زەر، كالام، ئۇستاز ھەمدە ئادىل شاھ،
چىرايلىق خەت، چىرايلىق يۈز، سەۋزە، ئاقار سۇ.

— جاندىن شېرىن نەرسە نېمە؟
— دوستلارنىڭ سۆھبىتى.
— ئەسلىدە شېرىن بولغان ئەڭ ئاچچىق نەرسە نېمە؟
— غىزەپنى ئىچىگە يۇتۇش، — دەپ جاۋاب بەردى بۇزرۇكمېھىر.

## ھەكىملەر ئۆزئارا بىر پىكرگە كېلىپ ئېيتقان نەسىھەتلەر

ھەكىملەر شۇنداق ئېيتقانكى:

ئادەملەرنى خار قىلىدىغان نەرسە سەككىز تۈرلۈكتۇر: زىياپەتكە تەكلىپسىز بېرىش، ئۆزگىنىڭ ئۆيىدە بۇيرۇقۋازلىق قىلىش، ئىككى ئادەم سۆزلىشىۋاتقاندا سۆزىگە قۇلاق سېلىش، ئادىل پادىشاھتىن يامانلاپ سۆزلەش، ئۆز ئورنىنى بىلىپ ئولتۇرماسلىق، قۇلاق سېلىشنى خالىمىغان ئادەملەرگە زورلاپ گەپ قىلىش، دۈشمەندىن نەرسە تىلەش، بېخىل ئادەمدىن نەرسە سوراش.

نەزم:

گەر ھاجەتمەن بولساڭ سورا سېخىي ئادەمدىن،
ئەيىب ئەمەس دەريادىن سۇ، ئايدىن نۇر سوراش.
ئەمما ھەرگىز ئاچ كۆزلەرگە ئاچمىغىن ئېغىز،
چۈنكى بولار بىمەنىلىك ئىشەكتىن ئارپا،
مۈشۈكتىن نان، ئىتتىن سۆڭەك سورىساڭ ئاداش.

ھەكىملەر يەنە شۇنداق ئېيتقانكى:

ياخشى ئادەملەرنىڭ سۆزى خاتا بولسىمۇ توغرىدەك قوبۇل قىلىنىۋېرىدۇ، يامان ئادەملەرنىڭ سۆزى توغرا بولسىمۇ خاتا بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

كىمكى توغرا يولدىن چەتكە چىقسا، بەتبەختلەر قاتارىغا كىرىدۇ ۋە ياخشىلىق كۆرمەيدۇ، ھەر كىم خەلق بىلەن مۇرەسسەدە ياشىمىسا ئاچچىق ھايات كەچۈرىدۇ، كىمكى بىچارىلەرنىڭ ھالىنى كۆرۈپ خۇرسەن بولسا، ئۆزىنىڭ بېشىغىمۇ ئاشۇ ھال كېلىدۇ. بېيىت:

ئەي دوست، دۈشمەن ئۆلۈمىدىن شادلانما،

كېلەر سېنىڭ بېشىڭغىمۇ بۇ ماجىرا.

كىمكى ھەزىلكەش بولسا، ئابرۇيى تۆكۈلىدۇ. كىمكى نېمەتكە شۈكۈر قىلمىسا، يامانلىقلارغا دۇچار بولىدۇ. كىمكى قەسەمخورلۇقنى ئادەت قىلسا، دائىم خار بولىدۇ.

ھەكىملەر ئېيتقانكى:

— بەختىيارلىق ئۈچ نەرسىدىدۇر: ساقلىقتا، مال زاكىتىنى بېرىشتە ۋە خاتىرجەملىكتە.

ھەكىملەر ئېيتقانكى:

— ئىككى نەرسە باركى ئازمۇ كۆپتۇر: بىرىنچىسى — ئاداۋەت، ئىككىنچىسى — چېقىمچىلىق.

ھەكىملەر ئېيتقانكى:

— ئەر كىشىنىڭ قىممىتى ئىككى نەرسىدە: بىرىنچىسى، چىرايلىق خۇلقتا، ئىككىنچىسى، ۋىجداندا.

ھەكىملەر ئېيتقانكى:

— پادىشاھنىڭ قىممىتى مۇنداق ئىككى نەرسىدە، يەنى ئىلىم ئەھلىلىرىنى تارتۇقلاشتا ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىشتا.

ئۈچ خىل كىشىنىڭ خىزمىتىدىن بويۇن تولغىماسلىق كېرەك، يەنى ئاتا ـ ئانىنىڭ، مېھماننىڭ ۋە بېمارلارنىڭ خىزمىتىدىن.

بۇزرۇكمېھىر ھەكىمدىن سورىدى:

— دۇنيادا ئەڭ تاتلىق نەرسە نېمە؟

ھەكىم ئېيتتى:

— پەرزەنت.

سورىدى:

— دۇنيادا ئەڭ ئاچچىق ۋە غەمكىن قىلىدىغان نەرسە نېمە؟

ھەكىم ئېيتتى:

— قەرز.

سورىدى:

— ئۇيقۇ نېمە؟

ھەكىم ئېيتتى:

— يەڭگىل ئۆلۈم.

سورىدى:

— ئۆلۈم نېمە؟

ھەكىم ئېيتتى:

— ئېغىر ئۇيقۇ، يەنى كۆپ ئۇخلاشتىن قېچىش كېرەك.

سورىدى:

— باي دەپ كىم ئېيتىلىدۇ؟

ھەكىم ئېيتتى:

— ھاۋايى ـ ھەۋەستىن ئۆزىنى تارتالايدىغان كىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بۇقرات ھەكىم نەسىھەتلىرىدىن

بۇقرات ئېيتتى:
— كەمتەرلىكنى تۆگىدىن ئۆگىنەمەك كېرەك. چۈنكى، ئەگەر تۆگىنىڭ ئارغامچىسى چاشقاننىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويۇلسا، ئۇندىمەي كېتىۋېرىدۇ. باتۇرلۇقنى شىردىن ئۆگىنەمەك لازىم، چۈنكى، شىرنى مىڭ دانە مەست پىلغا قارشى قويساڭمۇ ئارقىغا قايتمايدۇ ۋە قورقۇنچاقلىق قىلمايدۇ.
بىر كىشى بۇقراتتىن سورىدى:
— ئىككى دۇنيادا ئەڭ يارىماس نەرسە نېمە؟
— زۇلۇم ۋە زالىم، — دەپ جاۋاب بەردى بۇقرات.
ئۇ كىشى سورىدى:
— ھەممە نەرسە ئۆزى، ئەمما ئۆزى ھېچنەرسە ئەمەس، ئۇ نېمە؟
بۇقرات ئېيتتى:
— مال ـ دۇنيا.
— بارلىقنى كۆپ سىناقتىن ئۆتكۈزگەن، ئەمما بارلىقىغا يەنىلا گۇمان قىلىنىدىغان نەرسە نېمە؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى كىشى.
— رىزىق، — دەپ جاۋاب بەردى بۇقرات.
— دوزاخ ئوتىدىنمۇ بەكرەك كۆيدۈرىدىغان نەرسە نېمە؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى كىشى.
بۇقرات ئېيتتى:
— غەزەپ.
ھېلىقى كىشى سورىدى:
— يۇقىرى نەرسىدىنمۇ يۇقىرىراق نەرسە نېمە؟
— يۇقىرى ھىممەت، — دېدى بۇقرات.
سورىدى:
— ئېتىغۇچىنى ھالاك قىلىدىغان، بىراق ئادەملەر ئۇنىڭغا تىنىمسىز مايىل بولۇپ مەست بولىدىغان شاراب قايسى؟
بۇقرات ئېيتتى:
— شەھۋەت شارابى.
سورىدى:
— قايسى بىنا ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋەيران بولمايدۇ؟
بۇقرات ئېيتتى:
— ئادالەت بىناسى.
سورىدى:
— قايسى شەربەتنىڭ ئاخىرى ئاچچىق؟
بۇقرات ئېيتتى:
— ياشلىق شەربىتىنىڭ.

سورىدى:
— داۋا قوبۇل قىلمايدىغان كېسەللىك قايسى؟
بۇقرات ئېيتتى:
— ئىشق.
نەزم:

مەھبۇب تامان ئۈندىگۈچى بولغانمۇ ئىشق،
كۆڭۈللەرگە غەلىيان سېلىپ تۇرغانمۇ ئىشق.
مەرتىۋىنى يۇقىرى قىلىپ تەڭرى ئالدىدا،
ياشقا تولغان كۆزلەرگە نۇر قاتقانمۇ ئىشق،
كاۋاپ بولغان دىللارغا ئوت ياققانمۇ ئىشق.

ھېلىقى كىشى سورىدى:
— ئەر - خوتۇننىڭ زىننىتى نېمە؟
بۇقرات ئېيتتى:
— ساپ دىللىق.

سۇلۇن ھەكىم نەسىھەتلىرى

سۇلۇن ھەكىم ئېيتتى:
— بىرەر كىشىنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش يۈز بەرسە ۋە ھايات ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىرلاشسا، بۇنداق ئادەم ناچار ۋە تەلەيسىز كىشىلەر بىلەن بۇ ھەقتە مەسلىھەت قىلماسلىقى لازىمكى، بۇنداق ئادەم بەرگەن ھەر بىر مەسلىھەت توغرا يولدىن يىراق، ناتوغرا يولغا يېقىن بولىدۇ.
ئۇ يەنە مۇنداق ئېيتتى:
— بەختلىك كۈنلىرىدە دوستلىرىدىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن كىشىگە بەختسىز كۈنلىرىدە ھېچ كىم ياردەم بەرمەيدۇ.
— كىمكى ھاياتىم ئاسانلىق بىلەن ئۆتسۇن دېسە، ياخشى - يامانلىقتىن ئۇنىڭغا نېمىكى يەتسە، پۇ - تۇلمىشتىن دەپ بىلسۇن، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلمىسۇن، ئىچىنى ھەسەتتىن خالىي تۇتسۇن، بارچىگە نىسبەتەن ئۆزىنى ئادىل تۇتسۇن، بىراۋغا نىسبەتەن ئىنسابسىزلىق قىلمىسۇن!
— پەرىشانلىق تۆت نەرسىدىن پەيدا بولىدۇ: بىرىنچىسى، دوستلاردىن ئايرىلىشتىن؛ ئىككىنچىسى، دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە - مىكرىدىن؛ ئۈچىنچىسى، ياخشى ئىشلاردىن يۈز ئۆرۈشتىن؛ تۆتىنچىسى، پاك دىل ئادەملەرنى خار قىلىشتىن.
بىر كىشى ئۇنىڭدىن سورىدى:
— دوست كىم؟
سۇلۇن ھەكىم ئېيتتى:
— ئېغىر كۈندە ياردەم بەرگەن كىشى.
سورىدى:

كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

— دۇنيادا ئەڭ يامان نەرسە نېمە؟
سۇلۇن ھەكىم ئېيتتى:
— يۈرىكى قارا دوست.
سورىدى:
— يۈرىكى قارا دوست نېمىگە ئوخشايدۇ؟
سۇلۇن ھەكىم ئېيتتى:
— چۈشكە، چۈشتە ئاجايىپ نەرسىلەرنى كۆرسەن، ئەمما ئويغانغىنىڭدا قولۇڭدا ھېچ نەرسە بولمايدۇ.
— دۇنيادىن خۇشال ئۆتۈش ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئۆتكۈنچى ھاۋايى - ھەۋەسلەردىن ئاسرا، مال - دۇنيا-يىڭنى توغرا يولغا سەرپ قىل، شۇنىڭدا پۇشايمان يېمەيسەن.

## ئابدۇللاھ مۇقنى نەسىھەتلىرى

ئابدۇللاھ مۇقنى ئېيتتى:
— ھىندى پادىشاھىنىڭ ھېكمەتكە ئائىت كىتابلىرى شۇنداق كۆپ ئىدىكى، ھەتتا يۈز دانە تۆگىگە ئارتسىمۇ كۆپلۈك قىلاتتى. پادىشاھ ئەڭ ئۇلۇغ ھەكىمگە: «شۇ كىتابلاردىن قىسقارتىپ ھېكمەت يازغىن-كى، بۇ ھېكمەت بارچە نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسۇن» دەپ بۇيرۇدى. ھەكىم تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى يازدىكى، بۇ جۈملىلەر بارچىنىڭ نەزەرىدە مەقبۇلدۇر: «بىرىنچىسى، پادىشاھلار ئۆزلىرىنى ئادالەت بىلەن بېزەشلىرى كېرەك؛ ئىككىنچىسى، خەلق بۇنداق پادىشاھقا ئىھتىرام كۆرسىتىشى زۆرۈر؛ ئۈچىنچىسى، دەرۋىشلەر ئۈچۈن ئەڭ چىرايلىق پېئىل — نەپسىنى يىغىش؛ تۆتىنچىسى، ئەر - خوتۇنلار ئۈچۈن ئەڭ چىرايلىق ھۆسن — شەرم - ھايادۇر.»
ئۇ يەنە ئېيتتى:
— پادىشاھقا يېقىن ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغان كىشىلەر خارلىنىش ۋە ھاقارەت ئاڭلاشتىن نالە قىلماسلىقى كېرەك، سۇغا چۈشكەن غەۋۋاس شور سۇدىن ئېتىماي ئىلاجى يوق.

## لوقمان ھەكىم نەسىھەتلىرى

لوقمان ھەكىم ئۆز پەرزەنتىگە بۇيرۇپ دېدى:
— ئەي ئوغلۇم، ئۈچ نەرسىنى ئېھتىيات بىلەن قوغدا. ئالدى بىلەن نېرىقى دۇنيا ئۈچۈن ئىخلاسىڭ-نى قوغدا؛ ئىككىنچىدىن، تەندۇرۇستلۇق ئۈچۈن ھېكمەت (تېبابەت)نى قوغدا، ئۈچىنچىدىن، تەمەگەر بولماسلىق ئۈچۈن پۇلنى قوغدا.»
ئۇ ئوغلىغا يەنە مۇنداق دېدى:
— ئەي ئوغۇل، ھۇرۇنلار بىلەن دوست بولما، خەسىستىن نەرسە سورىما.
يەنە ئېيتتى:
— ئىلىم ئۆگەن، كىمنىڭ ئىلمى بولمىسا، ئىززىتى بولمايدۇ. كىمدە مۇلايىملىق بولمىسا، ئىلىمدىن بەھرىنەلمەيدۇ. كىمدە ساخاۋەت بولمىسا، دوست بولمايدۇ. كىمنىڭ دوستى بولمىسا، دۆلىتى بولمايدۇ.
يەنە ئېيتتى:

— ئەي ئوغلۇم، سەۋرنى ۋە ئۆز نەپسىڭ بىلەن كۈرەش قىلىشنى ئادەت قىل، هارام نەرسىلەردىن قاچ، تاپقىنىڭغا قانائەت قىل.

بېيىت:

كىشىنى باي قىلار بىلسەڭ قانائەت، ئەي دوست،
جاهان كېزەر ئاچ كۆزلەرگە بۇ خەۋەرنى ئېيت.

بىراۋنىڭ رىزىق ـ روزىغا كۆز تىكمە، شۇندا ئۆزۈڭنى قىيىناشتىن قۇتۇلىسەن. تائامدىن ئاچ، هېكمەتتىن توق يۈر. ئادەملەرنىڭ پەمىگە يارىشا سۆزلە. ئامال بار جىملىقنى ئىختىيار قىل، شۇندا ئادەملەرنىڭ يامانلىقىدىن ئامان بولىسەن. رەقىبلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سۈكۈتتىن ياردەم ۋە مەدەت ئىزدە. ئادەملەر سەندە يوق نەرسە بىلەن سېنى ماختىسا، بۇنىڭغا كېرىلمىگىن، چۈنكى ئادەملەرنىڭ سۆزى بىلەن قۇرۇق باش سۆڭەكنى دۇرغا ئايلانمايدۇ. ئۆزۈڭدىن كۈچلۈكلەر بىلەن نىزالاشما، ئۆزۈڭدىن كۈچلۈكلەرنى يەرگە ئۇرما. يۈرىكىڭدىن بەدگۇمانلىقتا ئورۇن بەرمىگىنكى، ئۇ هېچ بىر دوست بىلەن سەممىمىي ياشىشىڭغا يول قويمايدۇ. ئېيتىلىشىچە، تۆت نەرسە ئەڭ ئېغىر قىيىنچىلىقلاردىن هېسابلىنىدۇ: خوتۇننىڭ كۆپلۈكى، ئۆينىڭ ۋەيرانىلىقى، ناپاك ئايال ۋە يامان قوشنا.

— ئەي ئوغلۇم، بارچە هېكمەتلەرنى ئوقۇپ ئۆگىنىشكە ئۆمۈر يېتىشمەيدۇ، مەن بارچە هېكمەتلەرنى تۆت ئىشقا جەملىدىم، ئاشۇ تۆت ئىشنىڭ ئىككىسىنى يادىڭدىن چىقارما، ئىككىسىنى بولسا ئۇنۇت، يادىڭغا ئەسلا كەلمىسۇن، شۇندا سەن بارچە هېكمەتلەرگە ئەمەل قىلغان بولىسەن. بىرىنچىسى، ياراتقۇچىنى يادىڭدىن چىقارمىغىنكى، بۇنىڭ بىلەن ئىشلىرىڭ تەرتىپلىك بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئۆلۈمنى يادىڭدىن چىقارمىغىنكى، بارچە ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرگۈچى بولىسەن. ئەستىن چىقىرىش كېرەك بولغان ئىككى خىل ئىشنىڭ بىرى شۇكى، بىراۋغا ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، ئۇنۇت، شۇندا هەقىقىي مەرد بولىسەن؛ ئىككىنچىسى، بىراۋ ساڭا يامانلىق قىلغان بولسا بۇنىمۇ ئۇنۇت، شۇندا هەقىقىي ئالىيجاناب كىشى بولىسەن.

بىر هەكىمدىن:

— نېمە ئۈچۈن ئۇستازنى ئاتاڭدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇستاز ئەبەدىي تىرىكلىكىمنىڭ سەۋەبى، ئاتام بولسا ئۆتكۈنچى هاياتىمنىڭ سەۋەبى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

بىر هەكىم دېدى:

— زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق، چۈنكى ئادەملەر زامانە قىلىدۇ.

### ئارەستۇ هەكىم نەسىھەتلىرى

ئارەستۇ هەكىم دېگەنكى:

— قانائەت قىلساڭ هەممە پېشكەللىكتىن ئازاد بولىسەن. دۇنياغا مەپتۇن بولما ۋە ئاچ كۆزلۈك قىلمىغىنكى، تىرىكلىك مەۋسۇمى بەك قىسقىدۇر.

— بىرەر ئىشنى قىلىشتا ئۆزۈڭ ئۆز نەپسىڭگە رۇخسەت بەرگەنىكەنسەن، ئەگەر ئۇنى باشقىلارمۇ قىلسا، ئۇنى جازالىما.

— سەندىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىنىڭ سۆھبىتىگە ئىنتىلىش جانىنىڭ قەدرىنى يەرگە ئۇرۇشتۇر، سۆھبىتىڭنى تىلىگەن كىشىنى قايتۇرۇش بولسا ئالىيجانابلىققا نۇقسان يەتكۈزۈشتۇر.

ئۇ ئىسكەندەرگە دېدى:

— ئەگەر ياراتقۇچىنىڭ سېنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشىنى خالىساڭ، كەچۈرۈملۈك بول، چۈنكى ياراتقۇچى كەچۈرۈمنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئارەستۇ ھەكىم ئىسكەندەردىن سورىدى:

— سۆزگە ئۇستىلىق دېگەن نېمە؟

ئىسكەندەر ئېيتتى:

— قىسقا سۆزلەش، ئەمما مەنىسىنى بۇزماسلىق.

دېدى:

— ئەبلەخ كىشىلەردە دوستلۇق، يالغانچىلاردا ساداقەت بولمايدۇ.

بېيىت:

ئەي بۇرادەر، يالغان سۆزلەپ سالما ھېچقاچان،
چۈنكى بولۇر يالغانچىلار خار ۋە قەدىرسىز.
تالاي ئىنسان يالغان ئېيتىپ بولغان شەرمىسار،
ئابرۇيىمۇ تۆكۈلگەندۇر بولۇپ كۆڭۈلسىز.

ئارەستۇ ھەكىم دېدى:

— ئەي پالانچى، كىيىمنى ئۆزۈڭگە لايىق ياكى سۆزۈڭگە يارىشا كەيگىن.

## بۇقرات ھەكىم نەسىھەتلىرى

بۇقرات ھەكىم دېدى:

— ئەگەر ئادەم ئۆزى مۇكەممەل ئىگىلىمىگەن ئىلىم ھەققىدە سۆزلىمىسە، ئادەملەر ئارىسىدا چۇ-شەنمەسلىك ۋە تالاش - تارتىش يۈز بەرمەيدۇ، جەڭگى - جېدەل ئوتى ئۆچىدۇ.

— كۆڭلىڭىز دۈشمەن دەپ ھېسابلىغان كىشىدىن ئېھتىيات قىلىڭ.

— ھەقىقىي مەرىپەتكە ئېرىشكەن كامىل ئادەم شۇنداق بولىدۇكى، ئۇنىڭدىن پەقەت دوستلىرىلا خا-تىرجەم بولۇپ قالماي، بەلكى دۈشمەنلىرىمۇ تىنچ ھايات كەچۈرىدۇ.

— دۇنيا يول بېشىدا يېقىپ قويۇلغان ئوتقا ئوخشايدۇ، كىمكى ئۇنىڭدىن بىر ئاز ئېلىپ، ئۆز يولى-نى يورۇتۇشقا سەرپ قىلسا، پايدا ئالىدۇ، كىمكى كۆپرەك ئېلىشقا ئىنتىلسە، كۆيۈپ قېلىپ، ئۆزىگە ئازاب بېرىدۇ. بېيىت:

بۇ دۇنيادا ئەمەس ئۆمرۈڭ بىر كۈنچىلىكمۇ،
شۇڭا ساقلاپ نە قىلىسەن ئۇن يىللىق رىزىق.

ئەپلاتۇن ھەكىم سۇقرات ھەكىمنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرسى ئىدى، سەپەرگە ئاتلىنىدىغان بولۇپ

قالدى، خوشلىشىش ئۈچۈن ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، نەسىھەت قىلىشىنى سورىدى. سوقرات ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— بىراۋنى ياخشىلىقى ئارقىلىق تونۇغان بولساڭ، ئۇنىڭدىن گۇمانلانما، بىراۋ بىلەن ئالدىن تونۇش بولمىساڭ ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىل. كېچىسى چۈشكەن مەنزىلىڭدىن تاشقىرى چىقما. يېمىگەن ۋە سىنىمىغان مېۋىلەردىن يېمە. ئۆزۈڭگە تونۇش بولمىغان يول بىلەن ماڭما، يىراق بولسىمۇ تونۇش يولدىن يۈر...

ئەپلاتون ئۇنىڭدىن سورىدى:

— رەھىمگە سازاۋەر كىشى كىم؟ ئادەملەرنىڭ ئىشى قاچان زايە بولمايدۇ؟

سوقرات جاۋاب بەردى:

— ئۈچ كىشىنىڭ ھالىغا رەھىم قىلىش كېرەك: بىرىنچىسى، بىرەر ئەمىرنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان تەدبىرلىك كىشىگە، چۈنكى ئۇ كۆرۈش بولمىغان نەرسىنى كۆرىدۇ، ئاڭلاش مۇمكىن بولمىغان نەرسىنى ئاڭلايدۇ؛ ئىككىنچىسى، تەربىيەلەيدىغان ئادىمى نادان بولغان كىشىگە، ئۇ ئۇنىڭدىن ھەمىشە رەنج تارتىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، سېخىي ئادەمگە، چۈنكى ئۇ خەسىس ئادەمگە موھتاج بولىدۇ، ئىتائەت قىلىش ۋە كۆز تىكىشتىن ئۆزگە چارىسى يوق. ئىشلار شۇنداق پەيتتە زايە بولىدۇ: قولۇڭدا ياخشى چارە - تەدبىر بار، ئۇنى سەندىن قوبۇل قىلىدىغانلار يوق، بىراۋدا ياخشى قورال بار، ئەمما ئۇنى ئىشلىتەلمەيدۇ، بىراۋدا يېتەرلىك مال بار، ئەمما بېخىللىقى سەۋەبلىك ئىشلىتەلمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئەپلاتون ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى قايىل بولدى ۋە ئۆلگۈچە ئۇنىڭدىن يىراقلاشمىدى.

## ئەپلاتون ھەكىم نەسىھەتلىرى

ئەپلاتون ھەكىم مۇنداق ئېيتقانىدى:

— ھەقىقىي مەردىنىڭ بەلگىسى شۇكى، ئەگەر ئۇنىڭدا ئاجايىپ يېڭى بىر پىكىر پەيدا بولسا، بۇنىڭغا ئۇ ئەسلا مەغرۇرلانمايدۇ. ئۇنى يامانلىسا، قىلچە غەزىپى كەلمەيدۇ، ئەگەر ئۇنى ماختاپ، كۆككە كۆتۈرسە مەنمەنلىك پەيدا بولمايدۇ، خەيرلىك ئىشلار ۋە توغرا ئەمەللەرگە باش قوشىدۇ.

— ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئادەملەرنى يەر يۈتۈۋاتقىنىنى كۆرەتتىم، ئەمدى قارىسام، ئادەملەر يەرنى يۈتۈشۈۋاتىدۇ. كىمكى ئادەملەرگە ياخشى ئىشلارنى بۇيرۇپ، ئۆزى شۇ ئىشنى قىلمىسا، ئۇ باشقىلار ئۈچۈن چىراغ تۇتقان ئادەمگە ئوخشايدۇ.

— قەيەردە بولسۇن كامىل ئەقىلنى كۆرسەڭ، ئۇ يەردە ئاچ كۆزلۈك ۋە ئەخلاقسىزلىقنى كۆرمەيسەن.

— غەزەپلىنىپ تۇرغان ئادەم بىلەن گەپ تالاشما. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنى بېسىقىغا كەلتۈرۈش قىيىن. ئەكسىچە بۇنداق پەيتتە ئۇنىڭ غەزىپى يەنىمۇ زىيادە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ.

نەزم:

ئىككى ئاقىل ھېچقاچان ئۇرۇشمىغاي ئۆزئارا،
دانا ئادەم يەڭگىلتەك كىشى بىلەن تارتىشماس.
نادان كىشى ئەگەردە قاتتىق - يىرىك گەپ قىلسا،
ئاقىل ئادەم مۇلايىم كۆڭۈل ئالۇر، ئۇرۇشماس.
ئەگەر بۇنداق قىلمىسا، ھەر ئىككىسى نادانلۇر،

زەنجىرنىمۇ ئۈزۈشكەي، ئاڭا ھەرنە كار قىلماس.

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەنىدى:
ــ مۇنداق ئۈچ خىل ئادەمگە كۆڭلۈم ئېچىنىدۇ: كەمبەغەلگە ئايلانغان بايغا، خارلىققا مۇپتىلا بولغان ئەزىز كىشىگە ۋە نادانلار ئارىسىغا چۈشۈپ قالغان ئالىمغا.
ــ موھتاج ئادەمگە بىر نەرسە بەرمەكچى بولساڭ، يېلىنىدۇرمەستىن بەر.
ــ كىشىدە ئەقىل كەملىكىنىڭ بەلگىسى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان سۆزگە ئارىلىشىشتۇر.
ــ ئەگەر سەن كىشىنىڭ تەبىئىتىنى بىلمەكچى بولساڭ بەزى ئىشلاردا ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەش. شۇندا ئۇنىڭ ئادىللىقى، ياخشى ياكى ياماناىقىدىن ۋاقىپ بولىسەن.
ــ ئۆز سىرىنى ساقلاشقا ئاجىز بولغان كىشى ئەڭ زەئىپ كىشىدۇر. ئۆز غەزىپىنى باسالىغان كىشى ئەڭ كۈچلۈك كىشىدۇر.
ــ مەملىكەتنىڭ مۇھىم ئىشىدا سەندىن توغرا پىكىر ۋە مۇناسىپ مەسلىھەت چىقىپ قالغان بولسا، ھەرگىز مىننەت قىلما ۋە بۇ ھەقتە سۆزلەپ يۈرمە. دۈشمەنىنىڭ سۆزىنى پادىشاھقا شۇنداق يول بىلەن چۈشەندۈرگىنكى، سۆزۈڭنى يالغان دەپ ئويلىمىسۇن.
ــ بالا ـ قازا ئىچىدە قالغان ئادەمنىڭ ھالىغا يەتكۈچى بول، بىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يامان پېئىل-لىرى بىلەن بۇ كۈلپەتكە دۇچار بولمىغان بولسۇن.
ــ ئادەمنىڭ مۇكەممەل ئەقىلگە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى ــ دۈشمەننى ئۆزىگە دوست قىلالىشىدۇر.
ــ دوستلارنى غەمگە مۇپتىلا قىلىش، ئۇلارنىڭ سىر ـ ئەسرارىنى ئاشكارا قىلىش روھنىڭ زەئىپ-لىكىدىندۇر.
ــ باتۇرلۇقۇڭغا قۇۋانما، تەلەي ـ بەختىڭگە مەغرۇر بولما، ئەمەلگە ئاشۇرغىنىڭ خەيرلىك ئىشلار-دىن بولسۇن، بۇنىڭغا ئەسلا پۇشايمان قىلما...
ئۇنىڭ يېقىملىق سۆزلىرىدىن: ئەقلىنىڭ نەپسكە نىسبەتەن ئۈستۈنلۈكى شۇكى، ئەقىل ئالەمنى ساڭا قۇل قىلىدۇ، نەپس بولسا سېنى ئالەمگە قۇل قىلىدۇ.
ــ كىمكى چىرايلىق ئات ۋە قىممەت باھا لىباس بىلەن پەزىلەت تاپىمەن دېسە، ئۇ جاھىلدۇر، تەج-رىبە بويىچە ئاتنىڭ ئاتتىن ئۈستۈنلۈكى، لىباسنىڭ لىباستىن ئارتۇقلۇقى بار، بىراق ئادەم ئادەمدىن ئارتۇق ئەمەس.
بىر كىشى ئۇنىڭدىن سورىدى:
ــ نىمە ئۈچۈن ئادەم قېرىغان ۋاقتىدا پۇلغا تېخىمۇ ئاچ كۆز بولىدۇ؟
ــ قېرىغان ۋاقتىدا دوستلارغا موھتاج بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، مال ـ دۆلەتنى ئاسرايدىغان بولىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.
ئۇ يەنە مۇنداق ئېيتقانىدى:
ــ ئارتۇقچە نەسىھەت تۆھمەت بىلەن تەڭ.

## بەتلىمۇس ھەكىم نەسىھەتلىرىدىن

بەتلىمۇس ھەكىم مۇنداق دېگەنىدى:
ــ ھېكمەت بىر دەرەخكى، ئۇ كىشىنىڭ يۈرىكىدە ئۆسىدۇ، مېۋىسى بولسا تىل ئارقىلىق تۆكۈلىدۇ.

— كىمكى ئۇزاق پاشاشنى خالىسا، يۈرىكىنى قىيىنچىلىق ۋە مۇسىبەتلەرگە قارشى تەييار قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

— كىمكى باشقىلارنىڭ ھاياتىدىن ئىبرەت ئالسا، ئۇنىڭ ھاياتىدىن باشقىلار ئىبرەت ئالىدۇ.

— بىمارغا يېمەك ـ ئىچمەكلەر ياقمىغاندەك، مال ـ دۇنيا مۇھەببىتىگە مۇپتىلا بولغان كىشىنىڭ يۈرىكىگە پەند ـ نەسىھەت پايدا بەرمەيدۇ.

بېيىت:

نەسىھەتكە پەرۋا قىلسۇن قانداقمۇ،
غەپلەت ئىچرە ياشاپ كۆنگەن ئىنسانلار.
ئاچالمايدۇ ئۇيقۇسىنى ئۇلارنىڭ،
ياڭرىسىمۇ قانچە يۇقىرى ئاۋازلار.

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەنىدى:

— بۇ دۇنيادىكى ياخشى ئىشلار ئۇ دۇنيانى سېتىۋېلىش ئۈچۈندۇر. ھەر كىمدە ئەقىلدىن نېسىۋە بولسا، يامانلار بىلەن ئۈلپەتلىك، ئامانلار بىلەن دوستلۇق، رىياكارلار بىلەن يېقىنلىق ھەمدە جەۋر ـ زۇلۇم باقىي ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ.

— ئەقىللىك كىشى پادىشاھلارنىڭ سۆھبىتىنى ئىختىيار قىلمايدۇ. ناۋادا ئىختىيار قىلسىمۇ پادىشاھنىڭ يېقىمسىز پېئىللىرىنى ھەر خىل زەربۇلمەسەللەر بىلەن ئۇنىڭغا ئەيىب ۋە تەنە يەتكۈزمىگەن ھالدا، گۇناھ بولۇشىنى ئۇقتۇرۇپ، يامان پېئىلدىن قايتۇرىدۇ.

## باسلۇس ھەكىم نەسىھەتلىرى

باسلۇس ھەكىم مۇنداق دېگەنىدى:

— كېمىچى دۆچ كەلگەن شامالغا ئەگىشىپ كېمىنى ھەيدەۋەرمەسلىكى، ئاقىل كىشى كۆڭلىگە كەلگەن ھەر بىر ئىشقا بېرىلىپ ئىش تۇتىۋەرمەسلىكى كېرەك.

— بۇ دۇنيادا جېنىڭنى غېرىب ئادەمدەك تۇت، غېرىبلەرنى بولسا ئىززەت قىل.

— كېمىنىڭ چۆكۈپ كېتىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئۇ تىنچ كېتىۋاتقان پەيتتىلا ئويلا.

## ئەرەب ھۆكۈمالىرىنىڭ نەسىھەتلىرى

ئەرەب ھۆكۈمالىرى مۇنداق دېگەن:

— قانائەتلىك كىشى گەرچە كەمبەغەل ۋە يالىڭاچ بولسىمۇ بايدۇر. ئاچ كۆز كىشى گەرچە باي بولسىمۇ كەمبەغەلدۇر. دانا ئادەم ئەسىر بولسىمۇ ئەمىردۇر.

— پادىشاھ سەپەردە تۆۋەندىكى كىشىلەرسىز بولماسلىقى كېرەك: بىرىنچى، نەسىھەتگۈي ۋەزىر، ئىككىنچى، پەزىلەتلىك كاتىپ، ئۈچىنچى، شەپقەتلىك ھاجىب. تۆتىنچى، ھازىق تېۋىپ، بەشىنچى، بارچە نەرسىنى بىلىدىغان ھەكىم.

— يالغان سۆزلەش پەسكەشلىك بەلگىسى، چېقىمچىلىق ھارامزادىلىك بەلگىسى، دۆلەت ئەھلىنى

سەۋەبسىز دۈشمەن پەيدا قىلىش بەدبەخلىق نىشانىسىدۇر. توغرا سۆزلۈك پاك نەسىللىكتىن، دۆلەتكە مەنسەپ تىلەك قىلماسلىق ئۇلۇغ ھىممەتلىكتۇر. ھەر كىم قەيەردىن كەلگىنىنى ۋە قەيەرگە كېتىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۆلۈم ۋە ھايات ئۇنىڭ ئۈچۈن باراۋەردۇر.

## جالىنۇس ھەكىم نەسىھەتلىرى

جالىنۇس ھەكىم مۇنداق دەيدۇ:

— كىمكى ياخشىلىقنى كەسىپ قىلىشقا ئىنتىلسە، ياخشى ماختاشلارغا سازاۋەر بولىدۇ.

— ھەرقانچە كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە بولساڭمۇ، دۈشمەن بىلەن دائىم تىنچلىق يولىنى ئىختىيار قىل.

— ئەگەر دوست سەندىن نەسىھەتنى ئايىسا، ئېيتىش زۆرۈر بولغان نەرسىنى ئېيتىشتا سۇسلۇق قىلسا، ئەيىبلىرىڭدىن سېنى ئاگاھلاندۇرمىسا، بۇنداق دوستتىن ئالاقىنى ئۈزۈش ۋە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش كېرەكتۇر.

— مۇلايىملىق قۇۋۋەتنى بىلەن غەزەپ ئوتىنى سۇندۇرالىغان كىشى ھەقىقىي ماختاش ۋە ئالقىشقا لايىقتۇر.

— غەزەپ ئوت ئالغاندا مۇلايىملىق كۆرسىتىش ۋە غۇرۇرنى سۇندۇرۇش ئەقىللىك كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكى ۋە ئامانلىقى سەۋەبىدۇر.

— سەككىز نەرسە پەرىشانلىق كەلتۈرىدۇ: چىرايلىق نەرسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ شەكىل - كۆرۈنۈشىنى دىلغا ئورنىتىش؛ باشنىڭ ئارقا تەرىپىدىن قان ئالدۇرۇش؛ يولدا تىك تۇرۇپ كىچىك تەرەت قىلىش؛ ناشتىدا ئالما يېيىش؛ ئادەملەرنىڭ ئۈيات جايىغا نەزەر سېلىش؛ خەسىس بىلەن ئۈلپەت بولۇش؛ قورقۇنچ بىلەن ئۇزاق يۈرۈش؛ خۇنۇك خەتنى ئوقۇش.

— ئۈچ نەرسە ئۈچ نەرسە بىلەن بىرگە بولمايدۇ: ئاچ كۆزلۈك ھالاللىق بىلەن، غەزەپ مېھرىبانلىق بىلەن، يالغانچىلىق راستچىللىق بىلەن.

## ئەنكاس ھەكىم نەسىھەتلىرى

ئەنكاس ھەكىم مۇنداق دېگەن:

— ئادەمنى ئىززەتلەش ۋە ئابرۇيلۇق پەيتىدە ئەمەس، خار ۋە زار پەيتىدە سىناش كېرەك.

— ئادەم ئۆز لىباسىنى كىر - مەينەتلەردىن قانداق پاك تۇتسا، يۈرىكىنىمۇ ھىيلە - مىكىرلەردىن شۇنداق ئاسرىشى كېرەك.

— بەك تاتلىق بولمىغىنكى، يۇتۇۋەتمىسۇن؛ بەك ئاچچىقمۇ بولمىغىنكى، تۈكۈرۈپ تاشلىمىسۇن.

— ئىلمى بار تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان كىشى خۇددى دورا بار بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىچمىگەن بىمارغا ئوخشايدۇ.

## ئېۋكلىد ھەكىم نەسىھەتلىرى

ئېۋكلىد مۇنداق دېگەن:

— ئىككى دوست ئارىسىغا دۈشمەنلىك ئۇرۇقىنى تاشلىمىغىنىكى، ئۇلار ئازغىنا ئىش بىلەن پېتىشمەي قالىدۇ. سەن بولساڭ يامان نامغا ئىگە بولۇپ قالىسەن.

### ساقرىتۇس ھەكىم نەسىھەتلىرى

ساقرىتۇس ھەكىم مۇنداق دېگەن:

— ئادالەتتى يوق پادىشاھنى، چىرايلىق تەدبىرى يوق سەركەردىنى، سۆزىدە راستچىللىق بولمىغان سۆز ئۇستىسىنى، مال ـ دۆلىتىنى ئۆز ئورنىدا ئىشلەتمەيدىغان ساخاۋەتلىك كىشىنى، توغرا پىكىرگە ئىگە بولمىغان ھەر قانداق پەزىلەت ساھىبىنى بىھاجەت دەپ ھېسابلىمىغىنىكى، ئەكسىچە ئۇلار موھتاج كىشىلەردۇر.

بىر ھەكىم ئېيتىدۇ:

— ئۈچ نەرسىنى بەربات قىلماسلىق ئۈچۈن ئۈچ نەرسىنى چىڭ تۇت: بېشىڭدىن ئايرىلماسلىق ئۈچۈن تىلىڭنى ساقلا، نامازدىن ئايرىلماسلىق ئۈچۈن تاھارەتنى ساقلا، يۈرەكتىن ئايرىلماسلىق ئۈچۈن غەزەپلىنىشتىن ئېھتىيات قىل.

مەشايىخلار ئېيتىدۇ:

— سەككىز خىل تائىپە بىلەن ئولتۇرغان كىشىدە سەككىز خىل خىسلەت پەيدا بولىدۇ: كىمكى بەدۆلەت كىشىلەر بىلەن ئولتۇرسا، كۆڭلىدە بايلىق ھەۋىسى پەيدا بولىدۇ، كىمكى دەرۋىشلەر بىلەن ئولتۇرسا، زاھىتلىق پەيدا بولىدۇ، كىمكى پادىشاھلار بىلەن ئولتۇرسا، مەنمەنلىك ۋە غۇرۇر پەيدا بولىدۇ؛ كىمكى ئاياللار بىلەن ئولتۇرسا، ئۆزىگە مالامەت ئارتتۇرۇۋالىدۇ، كىمكى باللار بىلەن ئولتۇرسا، سالاپەت ۋە ئابرۇيى كېتىدۇ؛ كىمكى پاسىقلار بىلەن ئولتۇرسا، مەسىيەت ۋە گۇناھ پەيدا بولىدۇ؛ كىمكى سالىھ كىشىلەر بىلەن ئولتۇرسا، تائەت پەيدا بولىدۇ؛ كىمكى ئالىملار بىلەن ئولتۇرسا، روھىدا يورۇقلۇق پەيدا بولىدۇ.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ:

— ئون كىشىنىڭ دۇئاسى قوبۇلدۇر: بىرىنچىسى، ئالىم؛ ئىككىنچىسى، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى؛ ئۈچىنچىسى، خۇشپېئىل كىشى؛ تۆتىنچىسى، بىمار؛ بەشىنچىسى، يېتىم؛ ئالتىنچىسى، غازىي كىشى؛ يەتتىنچىسى، ھاجى؛ سەككىزىنچىسى، نەسىھەتچى؛ توققۇزىنچىسى، قابىل پەرزەنت؛ ئونىنچىسى، ئاتا ـ ئانا.

يەنە ئېيتىدۇ:

— ئۆيقۇ بىرنەچچە خىل بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئالىملار مەجلىسىدىكى ئۆيقۇ، بۇ غەپلەت ئۆيقۇسى؛ ئىككىنچىسى، ئەۋلىيالار سۆھبىتىدىكى ئۆيقۇ، بۇ بەدبەختلىك ئۆيقۇسى؛ ئۈچىنچىسى، سۈبھىدىن كېيىنكى ئۆيقۇ، بۇ لەنەت ئۆيقۇسى؛ تۆتىنچىسى، راھەت ئۆيقۇسى، بۇ كۈن يېرىمىدىكى ئۆيقۇ؛ بەشىنچىسى، كېچىدىكى ئۆيقۇ، بۇ ۋاقتىنى تاپقان ئۆيقۇ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى «تارىم غۇنچىلىرى» تەھرىر بۆلۈمىدە)

ئابدۇخەبەر سۇلايمان

# فارابىينىڭ نەزەرىدە شائىرلىق

شەرق خەلقلىرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئالىمى، ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى ئەبۇ ناسىر مۇھەممەد ئەل فارابىي (مىلادىيە 870 — 950، تۆۋەندە «فارابىي» دەپلا ئېلىنىدۇ) ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل بىلىش تارىخىدا، پەن - مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر؛ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ۋەكىلى بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر پۈتۈن ئاجرالماس دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى پەخىرلىك نامايەندە. فارابىي ئۆزىنىڭ 160 پارچىدىن ئوشۇق ئەسەرلىرى ئارقىلىق (تۈركىيەلىك فارابىيشۇناس ئەھمەد ئاتەشنىڭ ئىستاتىستىكىسى ئاساس قىلىنىدى) شەرق ئىدېئولوگىيەسىگە دەۋر بۆلگۈچ تەسىر كۆرسەتكەن. فارابىينىڭ خاس ئەسەرلىرىدىن «پەنلەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى»، «مەسىلىلەرنىڭ نېگىزى»، «بەخت توغرىسىدا»، «لوگىكا توغرىسىدا ئون ئىككى ئەسەر»، «چوڭ لوگىكا كىتابى»، «شائىرلار سەنئىتى قانۇنلىرى ھەققىدە»، «شېئىر كىتابى» قاتارلىق كىتاب، رىسالىلىرى بار.

فارابىي يەنە ئىبنى سىنا، ئىبنى رۇشدلار بىلەن بىرلىكتە شەرق دۇنياسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيە تارىخىدا ئۆتكەن ئۈچ گىگانتنىڭ بىرسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەسى ھەققىدە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان «كىتابۇش - شېئىر» (شېئىر كىتابى)، «رىسالە فى قانۇن سەنائەتش - شېئىر» (شېئىر سەنئىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە)، «كالام لەھۇفىش - شېئىر ۋەلقەۋافىي» (شېئىر ۋە قاپىيەلەر توغرىسىدا سۆز) قاتارلىق كىتاب - رىسالە، ماقالىلەرنى يېزىپ، ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرق دۇنياسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قاراشلىرىنى قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەچىسى ئارىستوتېلنىڭ پوئېتىكا قاتارلىق ئەسەرلىرىنى مەنبە ھەم ئوزۇق قىلغان ئاساستا مۇپەسسەل بايان قىلىشتىن سىرت، يەنە ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى يېڭىچە قاراش - تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

فارابىي ھەم ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىشكەن شائىرى ئىدى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان شېئىرلىرى بۇ نۇقتىلارنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ناتۇرال پانتىزملىق، گۇمانىزملىق ئىدىيەلىرى،

ئىجادىي ھاياتى، ۋەتەنگە بولغان سېغىنىشى ۋە روھىي ھالەتلىرى ئىپادىلەنگەن. فىرانسۇز ئەرەبشۇناسى دېۋونىڭ ئىسپاتلىشىچە، مەۋلانا دەرۋىشلەر ئوقۇيدىغان خانىقا ناخشىلىرى ئارىسىدا فارابىي نەزمىلىرى ساقلانغان[1]. پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك، چوڭقۇر مەنىلىك، شەكلى گۈزەل فارابىي شېئىرلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ شائىرلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، تۈركىي، پارسىي، ئەرەبىي شېئىرىيەتكىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. فارابىي ياراتقان پەلسەپىۋى شېئىرىيەتنىڭ نادىر ئۈلگىلىرى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ئۆمەر ھەييام قاتارلىقلارنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىگە ئىلھام بولغان[2]. دېمەك، ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىر، مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىلھام مەنبەلىرىنىڭ بىرسى ۋە شۇنچە چوڭ تەسىرگە ئىگە، شېئىرىيەت نەزەرىيەسىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق كۆرسەتكەن گىگانت شائىر فارابىي، شائىرلىق سەنئىتىگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت نەزەرىيەسىگە مەنسۇپ «شېئىر كىتابى»، «شېئىر سەنئىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە»، «شېئىر ۋە قاپىيەلەر توغرىسىدا سۆز» قاتارلىق رىسالىلىرىدە شېئىرىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ شائىرلىق سەنئەتلىرى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق توختالغان. بولۇپمۇ «شېئىر سەنئىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە، مەخسۇس شېئىرىي ماھارەتلەرنى بايان قىلىش ئاساسىدا، شائىرلىق ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «شېئىر سەنئىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە» ناملىق ئەسەردە ئارىستوتېلنىڭ پوئېتىكا ناملىق شېئىرىيەت نەزەرىيەسى ھەققىدىكى مەخسۇس ئەسىرىگە تولۇقلىما سۈپىتىدە شائىرلىق ھەققىدە نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىرلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شائىرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى مەسىلىسى غەرب ۋە شەرق كىلاسسىكلىرىنىڭ ئوخشىمىغان كۆز قاراشلىرىغا سەۋەب بولۇپ كېلىۋاتقان سەزگۈر تېما. لوگىكىلىق، مەنتىقىلىق ئۇسلۇبنى تەپەككۇر تارىخىغا يانداشتۇرۇپ راۋاجلانغان غەرب دۇنياسىنىڭ ئەپلاتون، ئارىستوتېلغا ئوخشاش ئاۋانگارت مۇتەپەككۇرلىرىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە شائىرلارغا سوغۇق ۋە ئىلمان مۇئامىلە قىلغان. ھەتتا ئەپلاتون ئۆزىنىڭ «غايىۋى دۆلەت» ئۇتوپىيەسىنى سىزىپ چىققاندا، شائىرلارنى قوغلاندى قىلىنىشقا تېگىشلىك ئادەملەر قاتارىغا تىزغان. بۇ دېداكتىكىلىق ئۇسلۇبقا كۆنگەن شەرق دۇنياسىنىڭ شائىرلارنى ئۇلۇغلايدىغان ئەنئەنىسىگە نىسبەتەن روشەن سېلىشتۇرمىدۇر.

ئارىستوتېل: «شائىرلار ئوتتۇرىلىقتىكى ئادەملەردىن تېخىمۇ ياخشى ياكى تېخىمۇ ناچار بولغانلارنى تەقلىدلەيدۇ؛ ۋە ياكى ئوتتۇرىلىقتىكى ئادەملەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەقلىد قىلىدۇ.[3]» دەيدۇ ھەمدە «تەقلىدىيەت نەزەرىيەسى» بويىچە تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ «شائىرلار تەقلىدچىلەردۇر» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شائىرنىڭ ئىجتىمائىي سالاھىيىتىنى پاسسىپ ئەگەشكۈچىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا قارىتا، فارابىي شائىرنىڭ پەقەت تەقلىد بولۇشىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئارقىلىق تەقلىد قىلىنىشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەرنىمۇ[4] سەنئەت تەقلىدىدە گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق، ھەقىقىي شائىر ئۆلۈك، پاسسىپ تەقلىدچى بولماستىن، تەقلىد ئاساسىدا يېڭىدىن ياراتقۇچى، قايتىدىن ئىپادە قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. فارابىي بۇ نۇقتىنى «كامالەتلىك شائىر»، «تەپەككۇر قىلغۇچى شائىر»لار ئۈچۈن ئوخشاشلا مۇھىم تەقلىدىيەت تەلىپى دەپ قارىغاندى. «تەقلىدىيەت تەلىماتى»نىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان فارابىي ئارىستوتېلنىڭ ئىنساننىڭ تەقلىد ئىستىكى تۇغما بولىدۇ، دەپ شائىرلارنى خاراكتېرىگە قاراپ تۈرگە ئايرىيدىغان ئۇسۇلنى رەت قىلغان. «پوئېتىكا»دا دېيىلگەن «شېئىر سەنئىتى يەنە شائىرلارنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. چۈنكى، بىرقەدەر ئېغىر مىجەزلىك شائىرلار ياخشى ئالىيجاناب كىشىلەرنى ۋە ئىش - پائالىيەتلەرنى تەسۋىرلەيدۇ؛ يەڭگىل مىجەزلىك شائىرلار بولسا پەس-

كەش كىشىلەرنى ۋە ئىش - پائالىيەتلەرنى تەسۋىرلەيدۇ؛ ئالدىنقى تۈردىكىلەر مەدھىيەنى كېيىنكى تۈردىكىلەر مەسخىرىنى قەلەمگە ئالماقتىدۇر»⑤ دېگەن مەزمۇنلارغا قارىتا باشقىچە پىكىر بايان قىلىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى تۇغما قابىلىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەقلىد قىلىش ھەم ئوبراز يارىتىش ئارقىلىق قايتا ئىپادىلەش گەۋدىلىنىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىش بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ. تۇغما قابىلىيەت ئۆگىنىش ۋە بىلىم بىلەن بىرلىشىشى لازىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق يازىدۇ: «لېكىن بۇخىل شائىرلار شېئىر سەنئىتىدىن كېرەك بولغىنىچە خەۋەردار بولۇۋەرمەيدۇ، بەلكى ئۇلار تۇغما قابىلىيەتلىرىنىڭ ياخشىلىقى بىلەنلا قانائەت قىلىشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى مۆلچەرلىگەن ھازىرلىقلىرىغا كۆرە ئىش تۇتۇشىدۇ. مۇنداق شائىرلار راستلا مۇلاھىزىچى شائىرلاردىن ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ شېئىر سەنئىتىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن كامالىتى يېتىشمەيدۇ⑥. فارابىي بۇ مۇلاھىزىلىرى ئارقىلىق، ئارستوتېلدىن تۈپتىن پەرقلىق ھالدا شائىرلارنى كامالەتلىك شائىرلار ۋە پىكىر يۈرگۈزگۈچى، مۇلاھىزە قىلغۇچى خارەكتېرىدىكى تەپەككۇر قىلغۇچى شائىرلار دەپ ئىككىگە ئايرىغان ۋە قوشۇمچە قىلىپ «يولدىن ئاداشقۇچى ۋە تايغۇچى شائىرلار» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا يەنە بىر تۈركۈم شېئىرىيەت «ئىشقۋازلىرى»نى تەپسىلىي تەسۋىرلەيدۇ.

فارابىي يولدىن ئاداشقۇچى ۋە تايغۇچى شائىرلارنى باشقا ئىككى خىل شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئۆلۈك تەقلىد قىلغۇچى شائىرلار دەپ قارايدۇ: «بەزىدە شۇنداق ئەھۋاللارمۇ بولىدۇكى، شېئىر سەنئىتىدە ئەڭ ئارقىدا قالغان شائىر يۇقىرى سۈپەتلىك ئاجايىپ شېئىر يارىتىشى، ھەتتا بۇ ساھەنىڭ داڭدارلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغان شېئىر يازالماسلىقى مۇمكىن. بىراق، بەزىدە بۇنىڭغا ئامەت ۋە تاسادىپىيلىقنىڭ توغرا كېلىپ قېلىشى سەۋەب بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئادەم بۇ شېئىر بىلەن مۇلاھىزىكار شائىر دېگەن نامغا ئىگە بولالمايدۇ⑦» دېيىش ئارقىلىق شېئىرىيەتكە ئىشق باغلىغان، ئەمما تۇغما تالانتى بولمىغان ياكى پىكىر، مۇلاھىزە يۈرگۈزمەيدىغان، پەقەت ئۆلۈك تەقلىد قىلىدىغان كىشىلەرنىمۇ «شائىر» نامى بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئەمما بۇنداق ئۆلۈك تەقلىدچى شائىرلار ھەققىدە يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ تۈردىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىدە تۇغما شېئىرىي تەبىئەت بولمىغان ھالدا شېئىرىي - سەنئەت، قانۇن - قائىدىلىرىدىن خەۋەردار بولماي تۇرۇپ ئوخشىتىش ۋە تەمسىل قاتارلىقلارنىڭ كەينىدىن بارىدۇ. يولدىن ئاداشقان ۋە تېيىلىپ كېتىدىغان شائىرلارنىڭ كۆپچىلىكى خۇددى مانا مۇشۇنداق شائىرلار ئىچىدىن چىقىدۇ⑧.» فارابىي بۇ خىلدىكى شائىرلار ئۈستىدە خېلى كۆپ توختالغان بولۇپ، ئۇلارنى ئەڭ ئاسان ئېزىپ كېتىدىغان، غايىسىز، ئېتىقادسىز، شېئىرىيەت ساھەسىنى قالايمىقان قىلىدىغان، ھەقىقىي شائىرلارنىڭ ئىناۋىتىنى، نوپۇزىنى چۈشۈرىۋېتىدىغانلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلغان. بۇ خىلدىكى «شائىرلار» كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئىنچىل خەلق ئارىسىدا «قوشاقچى»، ئوردىلاردا «ساراي شائىرلىرى» بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىيدەك شائىرلارغا پىتنە قىلغان؛ ھىرات كوچىلىرىدا ئېشەككە توقۇمنى تەتۈر ئارتىپ، نەۋايى ئەسەرلىرىنى «ئەلشىرنىڭ توقۇمى» دەپ مەسخىرە قىلىپ يۈرگەن؛ كىچىككىنە مەنپەئەت ئۈچۈن خەلقنىڭ ئىرادىسىگە قارشى مۇقام توۋلىغانلار «يولدىن ئاداشقۇچى ۋە تايغۇچى شائىرلار» تىپىدىندۇر.

فارابىي يەنە شائىرلىقنى «ئۇسلۇب»، «غايە» ۋە «ماۋزۇ» ماۋزۇلىرى نۇقتىلىرىغا قويۇپ تۇرۇپ ئىزاھلايدۇ. «ئۇسلۇب» بايانىدا مۇنداق دەيدۇ: بىر شائىر شېئىرىيەت تۈرلىرىنىڭ مەلۇم بىر تۈرىدە ئىجاد قىلىش سەنئىتىنى تاللىۋالغان ۋە ئۆزىنى شۇ خىلدىلا شېئىر يېزىشقا ئادەتلەندۈرگەن بولسا، بەزى ھاللاردا تاللىۋالمىغان تۈرلەردىمۇ شېئىر ئىجاد قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ بولسا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزى ئى-

جاد قىلىشقا ئادەتلەنگەن شېئىر تۈرىگە نىسبەتەن باشقا تۈردە مەجبۇرىي يېزىلغان شېئىر بولىدۇ[9]. ئۇسلۇب شېئىرىيەتتە شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس مۇستەقىل ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، مۇستەقىل ئۇسلۇب ئارقىلىق شائىر ئۆز ئەسىرىگە ئۆز تامغىسىنى باسىدۇ، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ سۆبىيېكتىپ دۇنياسىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئۇسۇللىرىنى قوللىنىدۇ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى جارى قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شائىرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۇرىدۇ. فارابىي شېئىرىيەتتە شائىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇستەقىل ئۇسلۇبى بولىدىغانلىقىنى، لېكىن بەزى ۋاقىتتا شائىرلارنىڭ ئىجادچانلىقتا يا تەبئىيلىك ياكى مەجبۇرىيلىقتىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى[10] كۆرسىتىپ، ئۇسلۇبنىڭ ھەرگىزمۇ بىر ئۆمۈر ئۆزگەرمەس ئىزچىللىقنى ساقلىيالمايدىغانلىقى، بەلكى بەزى ۋاقىتتا ئۇنىڭ غەيرىي ھالەتتە مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنىمۇ قەيت قىلغان.

فارابىي شائىرلاردا بولۇشقا تېگىشلىك دەپ قارىغانلىرى «غايە» ۋە «ماۋزۇ»دۇر. ئاخىرىدا شائىرلارنىڭ شېئىر ئىجاد جەھەتتىكى ئەھۋالى كامالەتكە يېتىشكىنى ۋە يېتىشمىگىنى جەھەتتىن تۈرلۈكچە بولىدۇ، بۇ بولسا يا غايە جەھەتتىن يا ماۋزۇ جەھەتتىن شۇنداق بولىدۇ[11]. فارابىي دەۋاتقان «غايە»، «ماۋزۇ» ئۇقۇملىرى ھازىرقى لۇغەتتىكى ئىستېمال مەنىسىدىن كۆپ كەڭرى بولۇپ، فارابىيچە «غايە» بولسا ئەخلاقىي ۋە روھىي كەيپىيات جەھەتتىكى مەنىۋى ھالەتنىڭ سەنئەتچىگە كۆرسىتىدىغان ئىجابىي يۇكسەلدۈرۈش ياكى سەلبىي چۈشكۈنلەشتۈرۈش تەسىرىنى[12] كۆرسىتىدۇ. فارابىي ياكى شائىر مۇنداق سەلبىي ھالەتلەردىن ئۇستۇن كېلىدۇ، ياكى بەزىدە ئۇنىڭغا ئۆزى موھتاج بولغانلىقى تۈپەيلى چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ، پەسىيىپ كېتىدۇ[13]. ئېنىقكى، فارابىي مۇھىت، شارائىت، ئەخلاقىي، ئەقلىي تاكامۇللۇق، خاراكتېردىكى مۇستەھكەملىك قاتارلىق ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللارنىڭ شائىر روھىيىتىگە كۆرسىتىدىغان مۇتلەق تەسىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقان «غايە» شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى ياخشى ـ يامان، ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىگە بولغان پوزىتسىيەسى، كۆز قارىشى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەش، بۇگۇنكى تېرمىن بويىچە ئالغاندا، كىم ۋە نېمە ئۈچۈن شېئىر يېزىشنى بەلگىلەيدۇ. فارابىي غايە ئۇقۇمىنى بۈگۈنكى دەۋردىكى غايە چۈشەنچىسىدىن كۆپ كەڭرى بولغان بوشلۇققا قويۇپ تۇرۇپ شائىرنىڭ مەنىۋىيىتى، ئەخلاقى ـ پەزىلىتىگە تەۋە بارلىق كاتېگورىيەلەرنى سىغداپ كىرگۈزگەن. «ماۋزۇ» ئىبارىسىنى ئىزاھلىغاندا، شائىرنىڭ تولغان ياكى تولمىغانلىقى ھەققىدىكى ئۆلچەم مۇشۇ ئوخشىتىشنىڭ ھەقىقەتكە يېقىن ياكى يىراقلىقىغا باغلىق[14]» دېيىش ئارقىلىق ئوخشىتىشنى، كەڭرەك ئېيتقاندا شېئىرىيەت ئىستىلىستىكىسىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ ئوخشىتىش ھازىرقى ئەدەبىيات چۈشەنچىمىزدىكى ئىستىلىستىكىنىڭ ھەممە تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدىغان بولۇپ، شائىرلاردىكى بەدىئىي ئىستېدات مەسىلىسى ئوخشىتىشنىڭ ھەقىقەتكە يېقىن بولۇش ـ بولماسلىقى ئېيتىمى ئاستىدا روشەنلەشتۈرۈلگەن. ماھىر شائىر بىر ـ بىرىدىن يىراق بولغان ئىككى نەرسىنى مۇلاھىزىلەرنى ئاشۇرۇش (ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىش ـــ ئاپتور) ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە مۇۋاپىق قىلىپ ئىپادىلىيەلەيدۇ. بۇ شېئىرىيەتتىكى داڭق چىقىرىشتىكى زور بايلىق[15]» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ماھىيەتتە بەدىئىي ئىستېدات مەسىلىسىنىڭ مەجازلىشىشىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا فارابىي شېئىرىيەت ھەققىدىكى «شېئىر كىتابى» قاتارلىق باشقا رىسالىلىرىدىمۇ شېئىرىيەت نەزەرىيەسىگە ئائىت چۈشەنچىلىرى ئارقىلىق شائىرلىقنىڭ ماھارەت، ئىستېدات مەسىلىلىرىگە يوشۇرۇن بېشارەت بەرگەن. بېيىتلاردىكى سۆزلەردىن چۈشىنىلىدىغان مەنىلەر شۇ سۆزدە ئىپادىلىنىۋاتقان نەرسە ۋە ھادىسىگە تەقلىد قىلىنغان بولۇشى لازىم[16] ، دېيىش ئارقىلىق ئۆلۈك تەقلىد (شە-

كىلىۋازلىق) بىلەن ھەقىقىي تەقلىدنى قانداق يېزىش ۋە ئايرىشنى مۇھاكىمە قىلىسا سۆزلەر مەلۇم تەرتىپتىكى بۆلەكلەرگە، مۇئەييەن تەڭداش ۋەزىنلەرگە ئىگە بولۇشى لازىم[17]، شېئىرىيەتتە رىئايە قىلىندىغان قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى ۋەزىن مەسىلىسىدۇر[18]» دەپ ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق كىلاسسىك شائىرلىرىمىز باشتىن ـ ئاخىر ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئارۇزغا ئوخشاش قېلىپلاشقان ۋەزىن شەكىللىرىنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپلا قالماي، رىتىم، تۇراق، ئاھاڭدارلىق جەھەتلەردىن ماشلاشتۇرۇشنى شائىرلىق سەنئىتىدىكى نازۇك ماھارەت سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. سۆز ـ جۈملىلەر بىر نەرسىگە قىلىنغان تەقلىدتىن تۈزۈلسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىرخىل ئاھاڭدار ۋەزىنگە چۈشۈرۈلمىگەن بولسا مۇنداق سۆز تىزمىلىرى شېئىر ھېسابلانمايدۇ. ئۇنى شېئىرىي سۆز، مۇلاھىزە دېيىش كېرەك، خالاس[19]. ئېنىقكى، فارابىي ۋارىسلىق قىلىنۋاتقان ۋەزىن ۋە قاپىيە ھەققىدىكى بايانلار ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە مىڭ يىللاردىن بېرى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە كېڭەيگەن ئۆلچەمدۇر. كىلاسسىك شائىرلار شېئىرىيىتىمىزدىكى ۋەزىن مەسىلىسىدە مەيلى قايسى تىلدا يازسۇن، تۈركىي، ئەرەب، پارسىي شېئىرىيەتلەرنىڭ ئورتاق ۋەزىن ئەنئەنىسىدىن ۋاز كەچمىدى. چۈنكى، ۋەزىنلىك شېئىرلار يېڭىل، ئوقۇشقا ۋە يادلاشقا قولايلىق، مۇزىكا تەركىبلىرىگە باي بولۇشتەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شائىرلىق ۋەزىن ئېتىبارىدا تېخىمۇ كامالىي تۈس ئالىدۇ. قاپىيە فارابىي نەزەرىدە گۈزەللىك كاتېگورىيەسى قاتارىدا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، شائىرنىڭ تىل ئىشلىتىش ماھارىتىگە قاپىيەنى تەقاسلايدۇ: شېئىرىي مەسىلىلەردە يۇقىرىقى شەرتلەر ھازىرلىنىش بىلەن بىللە شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز بۆلەكلىرىنىڭ باراۋەر تۈگەللىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ[20]. قاپىيە شېئىرنىڭ رىتىمى ۋە ئاھاڭدارلىقىنى شەكىللەندۇرۇشتىكى مۇھىم ھالقا، فارابىي قىسقا تۈگەللىمىلىرى ئارقىلىق قاپىيەنى ۋەزىن ۋە تىل مەسىلىلىرى بىلەن كىرىشتۇرۇپ شائىرلىق سەنئىتىگە بولغان ماھارەت تەلىپىنى كۆپ خىللاشتۇرىدۇ.

فارابىي شېئىرىي تىلنى بولسا ناتىقشۇناسلىق تىلىدىن پەرقلىق ھالدا تەقلىدسىز، ئوبرازسىز، قۇرۇق، يەڭگىل سۆزلەر بىلەن شېئىر يېزىشقىمۇ، شۇنىڭدەك ۋەزىن ئۆلچەملىرىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك، ھەتتا ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىشقىمۇ ئېتىراز بىلدۈرگەن. خىتاب ــ ناتىقشۇناسلىقتىمۇ تەقلىد قوللىنىلىدۇ... ناتىقلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئەسلىي شېئىرىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى بولىدۇ[21]، دەپ ئەسكەرتىپ، ئارقىدىنلا شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرىدە خىتاب، ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىبارە، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى شائىرنىڭ شېئىرىي يولدىن چېكىنىپ، خىتابى يولغا ماڭغانلىقى[22] دەپ خاراكتېرلەيدۇ. دېداكتىك ئۇسلۇب ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئۈزۈلمەس ئەنئەنىسى. «قۇتادغۇ بىلىك» تەك شاھانە ئەسەرمۇ ئۇسلۇب جەھەتتىن مۇشۇ ئېقىنغا ياندىشقان. لېكىن فارابىينىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى يالىڭاچ دېداكتىكىلا بولماستىن مول مەجازلارگە تويۇنغان سېھرىي گۈڭگا ئۇسلۇبتۇر. ئۇنداق بولمىغاندا فارابىي بەدىئىي ئىستېدات، بەدىئىي ئوبراز، بەدىئىي تەقلىد، تىل مەسىلىلىرىگە بۇ قەدەر زىل ئۆلچەم ۋە تەلەپلەرنى قويمىغان بولاتتى.

خۇلاسىلىگەندە، فارابىينىڭ شېئىرىيەت قاراشلىرى، بولۇپمۇ شائىرلار ھەققىدە ئېيتقانلىرى گەرچە ئارىستوتېلنىڭ قاراشلىرىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن فارابىي بۇ قاراشلارغا گۇمانسىز ئەگەشمىگەن. فارابىينىڭ شېئىرىيەت كۆز قاراشلىرى ئارىستوتېلنىڭ شېئىرىيەت قاراشلىرىنى تولۇقلاش بىلەن بىللە «ئۆزىگە خاس مەيدان، مۇستەقىل تونۇش، ھېس قىلىش، ئېستېتىك ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرى[23] قاتارلىق جەھەتلەردە پۈتۈنلەي يېڭىچە تەپەككۇرغا ئىگە. شائىرلار مەسىلىسىدە فارابىينىڭ بەدىئىي ئىستېدات، بەدىئىي تەقلىد، تۇغما قابىلىيەت، ئوبراز يارىتىش، تىل ئىشلىتىش، ۋەزىن، قاپىيە، غايە، بەدد-

مىي ئۇسلۇب قاتارلىق كۆپ خىل ئۆلچەملەرگە ئاساسەن شائىرلارنى تۆرگە ئايرىش ۋە باھالاش ئۇسۇلى
ئارىستوتېلنىڭ ئالىيجاناب ياكى پەسكەش كىشىلەرنى ياكى ئىش - پائالىيەتلەرنى تەسۋىرلەشتىكى
خاراكتېرىنى ئۆلچەم قىلىپ، شائىرلارنى ئېغىر مىجەزلىك شائىرلار ۋە يېنىك مىجەزلىك شائىرلار دەپ
ئىككىگە ئايرىش ئۇسۇلىدىن كۆپ ئىلغارلىقى ۋە ئىلمىيلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. فارابىي ئۇيـ-
غۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن شائىر بولۇش سۈپىتى بىـ-
لەن، ئۆز دەۋرىدىكى دۇنياۋى سەۋىيەدىكى شېئىرىيەت نەزەرىيەسى تىكلىگەن ۋە شائىرلىق سەنئىتى ھەق-
قىدىكى ئەڭ ئىلغار، ئىلمىي كۆز قاراشلىرىنى شەرھلەپ كۆرسەتكەن. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى قې-
تىملىق مەدەنىيەت ئويغىنىشى ھېسابلانغان شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىدىكى بۇ نەزەرىيە -
قاراشلارنىڭ فارابىيدا مۇجەسسەملىنىشىدۇر. ئۇلار شۇ دەۋرىدىكى تۈركىي، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىدىن
ئىبارەت دۇنياۋى ئەدەبىيات ئۈچىقىنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق قوبۇل قىلىنغان نەزەرىيە ۋە كۆزقاراشلارلا
بولماستىن، ئۇزاقتىن بېرى شېئىرىيىتىمىزدىكى بەزى مەسىلىلەر ۋە شائىرلىق سەنئىتى ھەققىدىكى
تالاش - تارتىشلارغىمۇ ئۈلگىلىك جاۋابتۇر.

مەنبەلەر:

①② غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى 6 - ئاي 1 - نەشرى، 114 -،117 - بەتلەر.

③⑤ ئارىستوتېل: «پوئېتىكا» (خەنزۇچە)، خەلق ئەدەبىيات نەشرىياتى، 2002 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى، 6 -، 11 - بەتلەر.

④⑥⑦⑧⑨⑩⑪⑬⑭⑯⑰⑱⑲⑳㉑㉒ فارابىي: «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» (فارابىي ئەسەرلىرى توپلىمى)، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2006 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى، 293 -، 294 -، 295 -، 296 -، 299 -، 301 -، 303 -، 304 - بەتلەر.

⑫⑮ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «فارابىي ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى، 618 - بەت.

㉓ شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى، 325 - بەت.

(ئاپتور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا)



ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

# سىركىچىلىك ھۈنەر ـ تېخنىكىمىزغا دائىر بايانلار

## 1. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى سىركىگە دائىر ئۇچۇرلار

تىلشۇناس بۇۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي جاھانغا مەشھۇر قامۇسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە «دىۋان» دەپ ئېلىنىدۇ)دا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى، ئۈزۈم ناملىرى (تۈرلىرى)، ئۈزۈمدىن مەي ـ شاراب ۋە سىركە ئىشلەشكە دائىر قىممەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. مەسىلەن، «ئۈزۈم» (1 ـ توم 103 ـ بەت)، «ئوكىسىچ ـــ قۇرۇق ئۈزۈم» (1 ـ توم 216 ـ بەت)، «مەشىچ ئۈزۈم ـــ قارا ئۈزۈم» (1 ـ توم 467 ـ بەت)، «تارقا ـــ ئۈزۈم ـ غوراپ» (1 ـ توم 556 ـ بەت)، «تەركە ـــ ئۈزۈم ـ غوراپ» (1 ـ توم 556 ـ بەت)، «شوغلا ـــ ئىت ئۈزۈمى» (1 ـ توم 561 ـ بەت) دېگەن سۆزلۈكلەر ئارقىلىق شۇ دەۋر-دىكى ئۈزۈملەرنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە مۇھىم مەلۇماتلارنى بەرگەن. «دىۋان»دا يەنە بىدىشتىكى ئۈزۈمنىڭ مېۋىگە كىرگەنلىكى ھەققىدە «ئۈزۈملەندى ـــ بىدىش ئۈزۈملىدى، يەنى بىدىشتە ئۈزۈم چۈشتى» (1 ـ توم 654 ـ بەت) دەپ ئۈزۈمنىڭ غۇنچىلاپ مېۋىگە كىرىشىنى كۆرسەتسە، «تالىقلاندى ـــ شىڭگىللەشتى، غورىلىدى، ئۈزۈم غورىلىدى» (3 ـ توم 279 ـ بەت)، «تىقما ئۈزۈم ـــ دانلىرى غۇژمەكلىشىپ تىقىلىپ تۇرغان ئۈزۈم» (2 ـ توم 21 ـ بەت)، «بەنزى ـــ ئۈزۈم ئۈزۈلۈپ بولۇنغاندىن كېيىن بىدىشتا قېپقالغان ئۈزۈم» (1 ـ توم 551 ـ بەت)، «چاخشاق ـــ ئۈرۈك قېقى ۋە ئۈزۈم ۋاسالغۇسى» (1 ـ توم 613 ـ بەت)... دېگەندەك ئۈزۈمچىلىككە دائىر مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن.

«دىۋان»دىكى ئۈزۈمدىن ئۈزۈم سىركىسى (تېتىتقۇ، تەم تەڭشىگۈچ) ياسىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى مە-لۇماتلارغا قارىغاندا، ئۈزۈم سىركىسىدىن ئەڭ داڭلىق ئىككى خىلى بولغانلىقى مەلۇم. «دىۋان»دا «Sirka، سىركە، ئۈزۈم سىركىسى» (1 ـ توم 548 ـ بەت) دەپ ئاتىلىدىغان، ئۈزۈمدىن ياسىلىدىغان بىر خىل سىركە تىلغا ئېلىنغاندىن سىرت، يەنە بىر خىل ئۈزۈم سىركىسى ئالاھىدە ئىزاھلانغان. بۇ خىل ئۈزۈم سىركىسىنىڭ ئۇچۇرى «دىۋان»دا مۇنداق بېرىلگەن: «Mandu ماندۇ ـــ بىر خىل تۈرك سىركە-سىنىڭ ئېتى. ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: ئۈزۈم شىرنىسى كۆپتە ئېچىتىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپ ھاراق قۇ-

يۇپ، بىر كېچە تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن سىركە بولۇپ چىقىدۇ. بۇ سىركىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» (1 ـ توم 548 ـ بەت). «دىۋان»دا بۇنىڭغا يانداشتۇرۇپ «شاراب بولماي تۇرۇپ سىركە بولماس» (3 ـ توم 168 ـ بەت) دېگەن ماقال ـ تەمسىل ئارقىلىق ئۈزۈم سىركىسىنىڭ شارابتىنمۇ مۇرەككەپ شۇنداقلا ئەتىۋار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

«دىۋان»دا سىركە ئىشلەيدىغان ئۈزۈمنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىش ھەققىدە توختىلىپ: «سىقمەن ــ سىقىم ۋاقتى، كۈز كۈنلىرى ئۈزۈم سىقىدىغان چاغ» (1 ـ توم 579 ـ بەت) دەپ يازغان. «دىۋان»دا يەنە سىركە ئىشلەيدىغان ئۈزۈمنى سىقىش ھەققىدە توختىلىپ: «سىقىلدى، ئۈزۈم سىقىلدى» (2 ـ توم 175 ـ بەت)، «سىقتۇردى ــ ئۇل ئۈزۈم سىقتۇردى» (2 ـ توم 265 ـ بەت)، «سىقتى ــ ئۇل ئۈزۈم سىقتى» (3 ـ توم 23 ـ بەت). ئۈزۈم ئىگىسىنىڭ سىركە ئىشلەش ئۈچۈن باشقىلارنى ئىشلىتىپ ئۈزۈم سىقتۇرغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ: «سىقىشدى ــ ئۇل ماڭا ئۈزۈم سىقىشدى، ئۇ ماڭا ئۈزۈم سىقىشىپ بەردى» (2 ـ توم 142 ـ بەت) دېگەن مەلۇماتلار بېرىلگەن.

«دىۋان»دا يەنە سىركە ئىشلەيدىغان ئۈزۈمگە ئىش قوشۇش جەريانى بايان قىلىنىپلا قالماي، يەنە سىقىلغان ئۈزۈملەر ئېچىتىلىش ۋە قاينىتىلىش ئارقىلىق شاراب، شەربەت، سىركە ئىشلەپ چىقىرىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، «ئاچىشدى ــ ئېچىپ كەتتى، ئۈزۈم ئېچىپ كەتتى» (1 ـ توم 244 ـ بەت)؛ «چېغلادى ــ بۇژۇلدىدى، كۆپ چېغلادى ــ كۆپ بۇژۇلدىدى، شىرنە بۇژۇلداپ قاينىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ» (3 ـ توم 443 ـ بەت).

قەدىمكى ئۇيغۇرلار سىركە ئىشلەش جەريانىدا مەلۇم قورال ـ سايمان، ئۇسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ، سىركە قاتارلىق ھەرخىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان. مەسىلەن، «ئۇلاق ــ كۆتەكتىن ئويۇپ ياسىلىپ، ئات ـ ئۇلاغ سۇغۇرۇش ۋە سىركە ياساشتا، ئۈزۈم شىرنىسىنى سوۋۇتۇشتا ئىشلىتىدىغان ئۇلاق» («دىۋان» 1 ـ توم 91 ـ بەت) دېگەن چۈشەندۈرۈش ئۈزۈمنىڭ قاينىتىپ شەربەت ياكى سىركە تەييارلاش ۋە ئۇنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن «ئۇلاق» دەپ ئاتىلىدىغان سايمان ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئىزاھلانغان. «دىۋان»دا ئۈزۈمدىن شاراب، شەربەت، سىركە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى «چاغىرلادى، شەربەت قىلدى. ئۇل ئۈزۈمنى چاغىرلادى ــ ئۇ ئۈزۈمنى شەربەت قىلدى» (1 ـ توم 452 ـ بەت) دېگەن بايان بىلەن خۇلاسىلىگەن.

يۇقىرىقى تارىخىي بايانلاردىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ سىركە ئىشلەش ھۈنىرى (ئۇسۇلى) مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى خېلى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن تاكى ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلاردىكى سىركىچىلىك ھۈنىرى ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئىسلاھ قىلىنىش، ئۆزگەرتىلىش، ياخشىلىنىش، سۈپىتى ۋە تەمگە ئىش قوشۇش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بۇيان سىركىنى يېمەك ـ ئىچمەكلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىشتىن تاشقىرى، تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىكتىمۇ سىركىدىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار داۋالاش ۋە دورىگەرلىكتە ئىشلىتىدىغان سىركىنى ئىشلەشتە ئۈزۈمنى ئاساس قىلغاندىن باشقا، يەنە خورما، ئەنجۈر، شېكەر قومۇچى، پىياز قاتارلىقلارغا ئوخشاش سۇلۇق، تاتلىق مېۋىلەردىن، كۆكتاتلاردىن ھەتتا ھەسەل، گۈرۈچ، بۇغداي، قوناق، ئارپا قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەردىنمۇ دورىلىق سىركە ئىشلەپ، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقى مەلۇم.

## 2. سىركە ۋە ئۇنىڭ نامى

سىركە ــــ يەنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاچچىقسۇ» (جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار «ئاچچىقسۇ» دەپ ئاتىسا، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار «سىركە» دەپ ئاتايدۇ) ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان دىيارىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغان ھەم كەڭ ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن بىر خىل تەم تەڭشىگۈچى سۇيۇقلۇق ۋە دورىلىق ئىچىملىك. ئۇ ئۈزۈم، ئۈرۈك، نەشپۈت، چىلان، قوغۇن، شاپتۇل، ياڭاق، بادام، ئالۇچا، قارا ئۆرۈك، ئۈژمە، جىگدە، ئالما، ھالۋابىت، ئانار قاتارلىق دىيارىمىزدىن چىقىدىغان مېۋە ـ چېۋىلەر ھەمدە بۇغداي، قوناق، ئارپا، گۈرۈچ، نوقۇت قاتارلىق زىرائەتلەرنى خام ئەشيا قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. سىركە ــــ مەخسۇس تەييارلانغان سىركە خېمىرتۇرۇچىدا ئۈلچەملىك ئېچىتىلىپ، نۇرغۇن ئىش ھالقىلىرىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان سۇيۇقلۇق بولۇپ، رەڭگى قوڭۇر، تەمى ئاچچىق ـ چۈچۈك بولىدۇ. تەمى ئاچچىق ـ چۈچۈك بولغاچقا، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ تەمىگە ئاساسەن ئۇنى «ئاچچىقسۇ» (ئاچچىق + سۇ) دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەنلىكى مەلۇم.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى)نىڭ 11 ـ بېتىدە «ئاچچىقسۇ» دېگەن سۆز: «ئاچچىقسۇ (ئاچچىق + سۇ)ــــ ئېچىتىقۇ قىلىنىدىغان چۈچۈمەل سۇيۇقلۇق، گۈرۈچ، بۇغداي، قىزىل قوناق قاتارلىقلارنى ئېچىتىش ئارقىلىق ئىشلىنىدۇ» دەپ ئىزاھلانسا، شۇ كىتابنىڭ 645 ـ بېتىدە «سىركە»گە مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن:

1) سىركە (ئىسىم) ــــ پىتىنىڭ تۇخۇمى.

2) سىركە (پارسچە) ــــ كۆك ئۈزۈم سۈيىنى ئېچىتىپ تەييارلىنىدىغان، پۇرىقى كۈچلۈك بىر خىل سۇيۇقلۇق.

3) سىركە (ئىسىم) ــــ دىيال، ئاچچىقسۇ.

سىركىچى، يەنى سىركە ئىشلەيدىغان ئۇستىلار بولسا:

1) سىركىچى (ئىسىم) ــــ كۆك ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ سۈيىدىن سىركە ياسايدىغان ۋە ئۇنى ساتىدىغان كىشى.

2) سىركىچى (ئىسىم) ــــ دىيال، ئاچچىقسۇ ياسايدىغان ۋە ئۇنى ساتىدىغان ئادەم.

3) سىركىچىلىك (ئىسىم) ــــ سىركە ياساش ئىشى، كەسپى.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، سىركە، ئاچچىقسۇ ۋە دىيال (بۇ سۆزگە ھېچقانداق ئىزاھ بېرىلمىگەن) دېگەن سۆزلەر ئوخشاش بىر مەنىنى ئىپادىلىگەن.

بۈيۈك تىلشۇناس بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي شاھانە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك»نىڭ 1 ـ توم 560 ـ بېتىدە ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن بۇ ئاچچىق ـ چۈچۈك سۇيۇقلۇق ئېچىتقۇنى «ئۈزۈم سىركىسى» دەپ ئاتىغان («ئاچچىقسۇ» دېمىگەن. شۇڭا، مەنمۇ بۇ ماقالەمدە بوۋىمىزنىڭ سۆزىگە ھۆرمەت قىلىپ ئۇنىڭ نامىنى «سىركە» دەپ ئالدىم).

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپ كېسەل داۋالاشتا كەڭرى ئىشلىتىلىپ كەلگەن ھەم سىركىنى ئاساسىي خورۇچ قىلىدىغان بىر خىل ئېسىل دورا بار. ئۇيغۇرچە سىركەنچۇۋىل، ئەرەبچە سىكىنجىبىن ياكى سىركەنجىبىتېن، لاتىنچە OXYMELLA، خەنزۇچە 蜜醋 دەپ ئاتىلىدىغان بۇ دورا دەل سىركىنى ئاساس ھەسەلنى قوشۇمچە ياكى سىركىنى ئاساس شېكەرنى (SUGAR) قوشۇمچە قىلغان بولۇپ، ئۇ چۈچۈك تەملىك دورا قاتارىغا تىزىلىدۇ. دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابىتىدىمۇ سىركىنى «سىركە» («ئاچچىقسۇ» دېمەي) دەپ ئاتاپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا سىركىنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدە خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز. سىركە غىزا، تائاملارنىڭ تەمىنى تەڭشەش، ھەزىم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ياخشىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش، يەنە ئۇچەي، ئاشقازان، قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە داۋا بولۇشتەك تۈرلۈك شىپالىق رولغا ئىگە. سىركە يەنە ھەرخىل قورۇمىلارنى قورۇش، سوغۇق سەيلەرنى تەييارلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان خۇرۇچ قىلىنغاندىن تاشقىرى، تەستە ھەزىم بولىدىغان ياغلىق، گۆشلۈك تائاملار بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، بەزى يېمەك - ئىچمەككە دائىر يازمىلاردا ياكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر يازمىلاردا، بەزى كىشىلەر سىركىنىڭ ئۈزۈمدىن ئېچىتىپ تەييارلىنىدىغان خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، سىركىنى ئۈزۈم شارابى (مەيزاپ) ياكى مۇسەللەس بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. بۇ ئۈچ خىل سۇيۇقلۇقنىڭ پەرقى مۇنداق بولىدۇ:

ئۈزۈم شارابى (مەيزاپ) — خەنزۇچە 葡萄酒 دەپ، لاتىنچە SPIRITUS VINI دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈزۈم شارابى ئۈزۈمدە بولىدىغان پايدىلىق تەركىبلەردىن تەييارلىنىدۇ، شارابتا نېرۋا مەركەزلىرىنى دەسلەپتە قوزغاتقۇچى، ئارقىدىن پالەچلەندۈرگۈچى تەسىرگە ئىگە بولغان بىر قانچە خىل ھىدروكسىل گۇرۇپپىسى — فېنوللار بولىدۇ. شاراب تەسىرىدىن مەستلىك چوڭقۇرلاشقانسېرى نېرۋىلار پالەچلىنىپ، قان تومۇرلار تارىيىدۇ. يۈرەك ھەرىكىتى ئاستىلىشىدۇ. ئەگەر كۆپ مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلەپ بىھوش قىلىپ قويىدۇ.

ئۈزۈم شارابى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ماددىلارنى پىشۇرۇش ۋە تارقىتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش ۋە قوزغاش، ئىچكى ئەزالارنى قىزىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دەپ قارىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر خىل شاراب (مەي) بولۇپ، مۇسەللەس ۋە سۇ بىلەن تەييارلىنىدۇ.

جۇڭگو تېبابىتىدە بولسا مۇسەللەس قۇرۇق ئىسسىق، ئازراق زەھەرلىك. ئۈزۈم شارابى (مەيزاپ) بولسا، قۇرۇق، 1 - دەرىجىدە ئىسسىق، زور دەرىجىدە زەھەرلىك دەپ قارىلىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بايانلاردىنمۇ مەيزاپ بىلەن مۇسەللەسنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، لاتىنچە تىللاردىمۇناملىرى پەرقلىق بولغان، تەركىبى ۋە خۇسۇسىيىتىمۇ پەرقلىق بولغان ئىككى خىل ئىچىملىك ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

ئەمدى، سىركە بىلەن مۇسەللەسنىڭ پەرقىگە كەلسەك، بىرىنچىدىن، سىركىگە چالا پىشقان ئۈزۈم، مۇسەللەسكە ياخشى پىشقان ئۈزۈم خۇرۇچ قىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، سىركىگە ئېچىتقۇ (كونا سىركە) ئىشلىتىلىدۇ. مۇسەللەسكە بولسا، ئېچىتقۇ ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەگەر ئېچىتقۇ - خېمىرتۇرۇچ ئىشلىتىلسە، ئۇ ھالدا تەييار بولغان مەھسۇلات مۇسەللەس بولماستىن، بەلكى مەيزاپ، يەنى ئۈزۈم شارابى بولىدۇ.

**3. ئاشلىقتىن سىركە ئىشلەش**

دىيارىمىزدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلار يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرى، بىرونزا دەۋرىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا بۇغداي، تېرىق، ئارپا، قوناق، چوجگون قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىپ ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى قىلغان. ھازىرغا قەدەر دىيارىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلاردا ھەرقايسى دەۋرلەرگە تەۋە خارابە - ئىزلار بىلەن قەبرە يادىكارلىقلىرىدىن قېزىۋېلىنغان بۇغداي، تېرىق، قوناق، ئارپا، چوجگون قاتارلىقلار بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى، تارىم - تەكلىماكان ۋادىلىرىدىكى ئىز - خارابىلەر، قەدىمكى شەھەر -

قەلئە خارابىلىرى ۋە ئىپتىدائىي قەبرە - يادىكارلىقلاردىن تېپىلغان سىركە ئىچتىشقا ئىشلىتىلگەن ساپال كوزىلار، كومزەكلەر، بۇغداي، ئارپا كېپەكلىرى، قوناق كېپەكلىرى ۋە باشقا قاچا - قۇچا سايمانلار يۇقىرىدىكى پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇزاق ئەسىرلىك ئۆرپ - ئادەت، قەدىمكى ئەنئەنە ئەجداد - ئەۋلاد بوغۇنلىرىدا ئىزچىل داۋاملىشىدىغان فولكلورلۇق قانۇنىيەت، يېمەك - ئىچمەك ئادىتىمىزدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاشلىقتىن سىركە ئىشلەش ۋە ئۇنى ئىستېمال قىلىشىمۇ خۇددى شۇنداق. مىڭ يىللار ئىلگىرى ئۆتكەن تىلشۇناس بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىيمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق شاھانە ئەسىرىنىڭ 1 - توم 70 - بېتىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەي ۋە سىركە ئىشلەش ئۇسۇلىنى مۇنداق خاتىرىلىگەن: «ئوغۇت ــ بۇغداي شارابىنى تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئىچىتقۇ. بۇ ئىچىتقۇ بىرمۇنچە دورا - دەرمەكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دورىلار ئارپا ئۇندۇرمىسىنىڭ ئۇنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر قىلىنىدۇ. بۇ خېمىر كېسىپ كومىلاچ قىلىنىدۇ ۋە قۇرۇتۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇغداي بىلەن ئارپا قاينىتىلىدۇ، ئاندىن ھېلىقى قۇرۇتۇلغان كومىلاچتىن بىر دانىسى ئوبدان يانچىلىپ قاينىتىپ بۇغدايغا تەكشى سېپىلىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ بۇغداي پاكىز بىر نەرسىگە ئورىلىپ ئۈچ كۈنگىچە دۈملەپ قويۇلىدۇ. ئۈچ كۈن توشقاندىن كېيىن، يېتىلىشى ئۈچۈن كۈپكە سېلىنىپ ئون كۈن ساقلىنىدۇ. ئېچىپ يېتىلگەندە ئۈستىگە سۇ قۇيۇلىدۇ، تىرىپى سۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن، قالغان سۇيۇقلۇق بۇغداي شارابى بولىدۇ». بۇنىڭدىن بىز ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ۋە بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1500 - 1800 يىللار بۇرۇن ئاشلىق ۋە ئۈزۈمنى ئېچىتىپ ئۇنىڭدىن مەي - شاراب ۋە سىركە ئىشلەشتەك بىر خىل مۇكەممەل ھۈنەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

تارىم - تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى ئىپتىدائىي بوستانلىق ۋادىلاردا ئەجداد - ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى قەدىمدىلا بۇغداي، قوناق، ئارپا، چۈجگۈن قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن، شۇنداقلا توك ئۈزۈم، غورا ۋە قوقاق سۈنقى (قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن) قاتارلىقلاردىن سىركە تەييارلاپ، ئۇنىڭ بىلەن كېسەل داۋالاپ كەلگەنلىكى مەلۇم①. ئەجدادلىرىمىز ئەينى ۋاقىتتا زەنجىۋىل سىركىسى ۋە ھەسەل شەربەتلىرىنى تەييارلاشنىمۇ بىلگەن. «سىركەنجىبىنىن» دېگەن سۆز ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرچە «سىركىگە شېكەر قوشماق» دېگەن مەنىدە. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىركىنىڭ چۈچۈمەل تەمىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا شېكەر قوشۇپمۇ ئىستېمال قىلغان ۋە بۇنىڭ بىلەن بەزى كېسەللىكنى داۋالاپ كەلگەن.

تۆۋەندە بىز ئۇيغۇر خەلقى تۇرمۇشىدا يىراق ئۆتمۈشتىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىش جەريانىدا، كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلىپ، تېخنىكا يېڭىلاپ، ئىسلاھ قىلىنىپ تېخى يېقىنقى ئەسىرلەرگىچە تارىم - تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى ئىپتىدائىي بوستانلىق ۋادىلاردىكى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ساقلىنىپ كەلگەن ئاشلىقتىن سىركە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە مەشغۇلاتى ھەققىدە توختىلىمىز.

**(1) سىركە ئىشلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار ۋە سايمانلار:** سىركە ئىشلەشتە بۇغداي، قوناق، ئارپا، چۈجگۈن، تېرىق قاتارلىق ئاشلىق مەھسۇلاتلىرى ھەمدە بۇغداي كېپىكى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، سېرىقچېچەك، ئارپىبەدىيان، ئاق تۇز، ئارپا قاتارلىق قوشۇمچە خۇرۇچلار، قازان، قاقما سوغا، ساندۇق، كوزا، گۈرجەك، غەلۋىر، ئەلگەك قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ.

چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ــ قاينىتىلغاندىن كېيىن خام ئەشيانى نەمدەشكە ئىشلىتىلىدۇ. سېرىقچېچەك، ئارپىبەدىيانلار ــ تالقانلىنىپ خام ئەشياغا چېچىلىدۇ، بۇلار سىركىنىڭ تەمى ۋە پۇرىقىنى ياخشىلاش رولىغا ئىگە. ئاق تۇز ــ پىششىق خۇرۇچقا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. خۇرۇچنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ

كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئارپا ــ سىركە خېمىرتۇرۇچى تەييارلاشتا ئاساسىي خورۇچ قىلىنىدۇ. قازان ــ (ئادەتتىكى چوڭ چويۈن قازان) ئارپا قورۇش ۋە پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. قاقما سوغا ــ بۇ ياغاچ تاختايلارنى ياپسا كەلتۈرۈپ چەمبەرلەپ سىلىندىر شەكلىدە بىر جۈپ ياسىلىدۇ، بىرى سىركە خېمىرتۇرۇچى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدۇ، يەنە بىرىنىڭ ئاستى تەرىپىگە جۈمەك بېكىتىلگەن بولۇپ، خام ئەشيا قاچىلىنىپ سىركە چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ساندۇق ــ بۇ ئاستى تار، ئۈستى كەڭرەك بولغان ئوقۇر شەكىللىك ياغاچ ساندۇق بولۇپ، ھەم ياسىلىدۇ، كېپەك ئېچىتىش ۋە پىششىق خورۇچ قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. كوزا ــ سىركە قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. گورجەك ــ (ئادەتتىكى گورجەك) خام ئەشيانى ئۆرۈش، ئارىلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. غەلۋىر، ئەلگەكلەر ــ خام ئەشيانى تاسقاپ پاكىزلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**(2) سىركە ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتى:** سىركە ئىشلەپچىقىرىش ئىشى تەييارلىق باسقۇچى، خورۇچ پەشۇرۇش باسقۇچى، سىركە چىقىرىش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچ ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ.

**(3) تەييارلىق باسقۇچى:** بۇ باسقۇچتا خام ئەشيا تازىلاش، چوچۇكبۇيا يىلتىزىنى قاينىتىش، دورا تالقانلاش، سىركە خېمىرتۇرۇچى تەييارلاش قاتارلىق خىزمەتلەر ئورۇنلىنىدۇ.

خام ئەشيا تازىلاش: سىركە چىقىرىشقا ئىشلىتىدىغان كېپەك ئاۋۋال ئەلگەكتە تاسقىلىپ، دۆۋاز ئۇن ئايرىۋېتىلىدۇ، ئاندىن غەلۋىردە تاسقىلىپ، ئەخلەت، قوقانلار چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. سىركە خېمىرتۇرۇچى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئارپا تاسقىلىپ ئادالىنىدۇ.

چوچۇكبۇيا يىلتىزىنى قاينىتىش: چوچۇكبۇيا يىلتىزى پىچاقتا قىرىپ توپا قالدۇقلىرى بىلەن سېسىق قوۋزاق چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. پاكىزلانغان چوچۇكبۇيا يىلتىزى قازاندا قاينىتىلىپ ئېتىقى چەقىرىلىپ، بىر ئاز تىندۇرۇلغاندىن كېيىن، سۈزۈلگەن سۇيۇقلۇق ئايرىۋېلىنىدۇ.

دورا تالقانلاش: سېرىقچېچەك، ئارپىبەدىيان قاتارلىق دورىلار سوقۇپ پاراشوك ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ.

سىركە خېمىرتۇرۇچى تەييارلاش: تاسقاپ پاكىزلانغان ئارپا قازانغا قويۇلۇپ، سۇس ئوتتا قورۇپ ئېتىلدۇرۇلىدۇ، ئاندىن قازانغا سۇ قويۇپ قاينىتىلىدۇ. ئارپا قايناپ، پۈتۈنلەي ئېزىلىپ بوتقا ھالەتكە كەلگەندە قازاندىن ئېلىپ، چوڭ قاقما سوغىغا قويۇپ سوۋۇتۇلىدۇ. 40:1 نىسبەت بويىچە ئارپا خېمىرتۇرۇچى سېلىنىپ، قوچۇپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن سوغىنىڭ ئاغزى رەختتە ھەم ئېتىلىدۇ. تەخمىنەن 12 سائەتتىن كېيىن بوتقا ئېچىپ قايناشقا باشلايدۇ. قاينىغان چاغدا سوغىنىڭ ئاغزى ھەركۈنى بىر قېتىم ئېچىلىپ، پىشكاپتا قوچۇپ تۇرۇلىدۇ. بوتقا 17 ــ 20 كۈن ئەتراپىدا قاينىغاندىن كېيىن پىشىپ تەييار بولىدۇ ۋە ئۆزلىكىدىن قايناشتىن توختايدۇ. ئېچىپ پىشقان بۇنداق بوتقا «سىركە خېمىرتۇرۇچى» دېيىلىدۇ. بۇ باسقۇچتا يەنە بارلىق سايمانلار يۇيۇپ تازىلىنىدۇ.

**(4) خورۇچ پىشۇرۇش باسقۇچى:** بۇ باسقۇچ سىركە ئىشلەشتىكى ھالقىلىق باسقۇچ بولۇپ، خام ئەشيا پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ، يەنى تاسقاپ تازىلانغان بۇغداي كېپىكىگە سىركە خېمىرتۇرۇچى بىلەن چوچۇكبۇيا سۈيى قويۇلۇپ نەمدىلىدۇ (سىركە خېمىرتۇرۇچى بىلەن چوچۇكبۇيا سۈيى 1:1 نىسبەتتە تەڭشەپ قويۇلىدۇ)، ئاندىن يۇقىرىقى خورۇچلار قايتا ــ قايتا ئۆرۈپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. كېپەك مۇجۇلسا كاللەكلىشىدىغان، قويۇپ بېرىلسە ئېسىلىپ چېچىلىدىغان ھالەتكە كەلگەندە نەملىكى مۇۋاپىق بولغان بولىدۇ ھەمدە ئېچىتىش ساندۇقىغا قاچىلىنىدۇ. نەمدەلگەن كېپەك ساندۇققا قاچىلىنىپ 12 ــ 24 سائەتتىن كېيىن تەبىئىي ھالدا قىزىيدۇ. بۇ ۋاقىتتا كېپەك ساندۇقتىن چىقىرىلىپ، كاللەكلىرى بوشىتىلىپ ئۆي ئىچىگە يېيىپ سوۋۇتۇلىدۇ، ئاندىن يەنە ساندۇققا قاچىلاپ قىزىتىلىدۇ. يەنە چىقىرىپ سوۋۇتىلىدۇ. قا-

چىلاش، قىزىتىش، چىقىرىش، سوۋۇتۇش يەنە قاچىلاشتىن ئىبارەت ئىش تەرتىپى ئۇدا 17 ـ 20 كۈن داۋاملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، كېپەك قىزىشتىن توختاپ ئۆزلىكىدىن سوۋۇيدۇ. بۇ ۋاقىتتا كېپەك پىشقان ھېسابلىنىدۇ.

كېپەك پىشقاندىن كېيىن، قايتىدىن ساندۇققا ئوبدان چىڭدىلىپ بېسىلىدۇ ھەمدە 20:1 نىسبەت بويىچە ئاق تۇز ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر كېپەك ئارىسىغا سېرىقچېچەك بىلەن بەدىيان تالقىنى چېچىۋېتىلسە، سىركە تېخىمۇ پۇراقلىق بولىدۇ. پىشۇرۇلغان كېپەك يۇقىرىقى ئىش تەرتىپى بويىچە ساندۇققا قاچىلىنىپ بولۇنسا پىششىق خورۇچ تەييارلانغان ھېسابلىنىدۇ. پىششىق خورۇچ قاچىلانغان ساندۇق ئاغزى رەختتە يۆگىلىپ ئوبدان ساقلانسا، ئۈچ يىلغىچە سۈپىتى ئۆزگەرمەيدۇ. پىششىق خورۇچ ساندۇققا بېسىلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئېھتىياجىغا قاراپ، كېسىپ ئىشلىتىلىدۇ[2].

**(5) سىركە چىقىرىش باسقۇچى:** پىششىق خورۇچتىن سىركە چىقىرىشتا قاقما سوغىنىڭ جومىكى ئوبدان ئېتىلىپ، سوغىغا پىششىق خورۇچ قاچىلىنىدۇ، ئاندىن 1:4 (بىر ئۈلۈش خورۇچقا تۆت ئۈلۈش) نىسبەت بويىچە قايناقسۇ قۇيۇلۇپ، سوغىنىڭ ئېغىزى رەختتە ئېتىلىدۇ، ئىككى سائەت دۈملەنگەندىن كېيىن خورۇچ ئۆزلىكىدىن قاينايدۇ. 12 سائەتتىن كېيىن سىركە تەييار بولىدۇ ۋە سوغىنىڭ ئاستىدىكى جومەكتىن كوزىغا قاچىلىنىدۇ. بۇ رەسمىي پىشقان ۋە ئىستېمال قىلىشقا (پايدىلىنىشقا) بولىدىغان سىركە مەھسۇلاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**4. ئۈزۈمدىن سىركە ئىشلەش**

ئۈزۈم ئۆستۈرۈش، ئۈزۈمنى ئېچىتىپ مەي ـ شاراب، مۇسەللەس ۋە سىركە ئىشلەپچىقىرىش، بولۇپمۇ ئۈزۈمنى خام ئەشيا قىلىپ ئىشلەنگەن سىركىنى سەي ـ تائاملارنىڭ تەمىنى تەڭشەشكە ئىشلىتىش ۋە سىركىدىن دورا ئورنىدا پايدىلىنىپ كېسەل داۋالاشتەك ئادەتلەر ئۇيغۇر خەلقى تۇرمۇشىدا زامان ـ زامانلاردىن تارتىپ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن.

سىركىنىڭ خام ئەشياسى بولغان ئۈزۈم ئۇزاق زامانلاردىن بويان خەلقىمىز ياخشى كۆرىدىغان ۋە ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان ئېسىل مېۋىلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، قەدىمدىنلا دىيارىمىز شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان. بولۇپمۇ خوتەن، قەشقەر، ئاتۇش، ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى قاتارلىق جايلاردىن ئۈزۈم ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ. دىيارىمىزدا كۆپ ئۆستۈرۈلىدىغان ئۈزۈمنىڭ تۈرى 20 خىلدىن ئاشىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، ئانا دىيارىمىز شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە ئۈزۈم ئەڭ كۆپ چىقىدىغان رايون بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېلىمىز بويىچە ئەڭ دەسلەپ ئۈزۈمنى ئۆزلەشتۈرگەن رايون بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن 2500 يىللار ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلا ئۈزۈمچىلىك شىنجاڭ تەۋەسىدە بارلىققا كەلگەن ھەمدە خېلى كەڭ دائىرىدە تەرەققىي تاپقان. مەسىلەن، 2005 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پىچاندىكى يانقىر قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن 2500 ـ 3000 يىللار ئارىلىقىغا تەۋە بولغان، ئۇزۇنلۇقى 1.15 سانتىمېتىرلىق، بەش دانە شېخى بار سايۋا ئۈزۈم نوتىسى تېپىلغان بولۇپ، ئارخېئولوگلار بۇ ئۈزۈم نوتىسىنى ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى ئۈزۈم ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارىغان («شەھەر ئىستېمالى سەھەر گېزىتى»، 2005 ـ يىلى 5 ـ مارت، 10 ـ، 11 ـ بەتلەرگە قاراڭ).

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تەكلىماكاندىكى نىيە خارابىسى، لوپنۇر ناھىيەسىدىكى يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقى، پىچان ناھىيەسىدىكى سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقى قاتارلىق مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى

يىراق ئۆتمۈشكە خاس قەبرىستانلىقلاردىن ئۈزۈم تېلى (شېخى)، ئۈزۈم ئۇرۇقى، ھەتتا قۇرۇپ قاق بولۇپ
قالغان ئۈزۈملەرمۇ تېپىلدى③. شۇنداقلا تۇرپاندىكى دۇنياغا مەشھۇر ئاستانە ۋە قاراغوجا قەدىمكى قەبرى-
لىرىدىن نۇرغۇنلىغان قۇرۇپ قاق بولۇپ كەتكەن ئۈزۈملەر، ھەتتاكى ساپىقىدىن تېخى ئاجرىماي ئۈز پې-
تى قۇرۇپ قالغان ئۈزۈملەرمۇ تېپىلدى④. شۇ قاتاردا سىركە ئېچىتىدىغان ساپال كوزىلار، كۆپلەر، مال-
تاقلار ۋە باشقا سىركە ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە سايمانلار تېپىلدى.

يۇقىرىقىلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى سىركىچىلىكىنى ماددىي جەھەتتىن دەلىللەي-
دىغان نەق ماددىي يادىكارلىقلاردۇر.

يازما خاتىرىلەردىن سۆز ئاچساق، «خەننامە» (877 ـ بەت)، «ۋېينامە»، كونا ـ يېڭى «تاڭنامە»لەردە
غەربىي يۇرتتا ئۈزۈم كۆپ ئۆستۈرۈلىدىغانلىقى، ئۈزۈمدىن مەي ـ شاراب ۋە سىركە ئىشلەيدىغانلىقى،
بايلىرى ئون مىڭ كۆپتىن كۆپرەك مەي ـ شاراب ۋە سىركە ساقلايدىغانلىقى، بۇ ئۈزۈم مەھسۇلاتلىرى
ئون يىل تۇرسىمۇ بۇزۇلمايدىغانلىقى ھەققىدە تەكرار ـ تەكرار مەلۇماتلار بېرىلگەن.

تۆۋەندە بىز ئۇيغۇر تېبابىتىدە دورىلىققا ئىشلىتىدىغان ئۈزۈم سۈيى ۋە خورمىدىن سىركە ئىشلەش
ئۇسۇلىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

ئۈزۈمدىن دورىلىق سىركە چىقىرىشتا ئاۋۋال ئۈزۈمنى سىقىپ، سۈزۈپ ياكى سۈزمەستىن تىرپە-
لىرىنىمۇ قوشۇپ، ساپال ئىدىش ياكى چىنە ئىدىشنىڭ ئىچىنى ياغلاپ، ئاندىن ئۈزۈم سۈيى قۇيۇلىدۇ،
ھەر يۈز كىلوگىرام ئۈزۈم سۈيىگە 10 كىلو يېڭى سىركە قۇيۇپ، ئاغزىنى ھىم يېپىپ، ئۈستىنى لاي بىە-
لەن چاپلاپ، ئاپتاپتا ياكى ئىسسىق جايدا قويۇلىدۇ، ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ئېچىپ سىركە بو-
لۇپ پىشىپ چىقىدۇ. يەنە بىر خىلى قاينىتىپ، ئېچىتىپ ئىشلىنىدۇ.

خورما سىركىسى ياساش ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ: يېڭى قاچىنى ياغلاپ، خورمىدىن 10 كىلوغا 40 كىلو
ئىسسىق، تاتلىق سۇ قۇيۇپ، ئاغزىنى ئېتىپ، بىر ھەپتە قويۇپ قويۇلىدۇ، بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاغزى-
نى ئېچىپ، خورمىنى ياخشى مىجىپ، خورمىنىڭ قۇۋۋىتى سۇغا چىققاندىن كېيىن سۈزۈپ، 2 كىلوگىرام
خورما سۈيىگە بىر كىلوگىرام يېڭى سىركە قۇيۇپ، 15 گىرام تۇز سېلىپ ئىلەشتۈرۈپ، ئاندىن يەنە قا-
چىغا ئېلىپ، ئاپتاپ چۈشىدىغان جايغا قويۇپ قويۇلىدۇ. 18 ـ 20 كۈن تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن بۇ سۇ-
يۇقلۇق ئاپتاپنىڭ ھارارىتى بىلەن قايناپ سىركە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھەرخىل مېۋە سۇلىرى، شې-
كەر قومۇشى، ھەسەللەردىن سىركە ياساشتا خورمىدىن سىركە چىقىرىش ئۇسۇلى بويىچە ئىسسىق سۇ،
تۇز قۇيۇپ سىركە ئېلىنىدۇ.

**5. سىركىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىدە دورىلىققا ئىشلىتىلىشى**

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىختىن بۇيان سىركە ئىشلەش ۋە ئۇنى ئىستېمال قىلىش جەريانىدا پەيدىنپەي
سىركىنىڭ شىپالىق رولىنى بايقىغان، ئۇنى كۆپ قېتىم سىناق قىلىش، تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق سىر-
كىنىڭ بەزى كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنى تېبابەتچىلىكتە ئىشلىتىشكە باشلىغان.

تۆۋەندە بىز دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى تېببىي كىتاب ـ دەستۇرلاردىن پايدىلىنىپ
ئۈزۈم سىركىسى، خورما سىركىسى، پىياز سىركىسى، ئەنجۈر سىركىسىنىڭ شىپالىق رولى ھەققىدە
توختىلىمىز.

خورما، ئۈزۈم، ئەنجۈر سىركىلىرى 2 ـ دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، ئەمما ھەسەل سىركىسى يۇقىرى-
قىلاردىن ئىسسىقراق، قۇرۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىچ قاتۇرۇش، قۇرۇتۇش، تاماق سىڭدۈرۈش، ئەزالارغا دورىلارنى تېز يەتكۈزۈش، قويۇق

خىلىتلارنى يوقىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**ئىشلىتىلىش ئۇرنى:** بۇنى زەيتۇن يېغى ياكى گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئىسسىقتىن، ئاپتاپ ئۆتۈشتىن بولغان باش ئاغرىقىغا، سەپرادىن، ئىسسىق بۇخاراتتىن بولغان ياكى ئىسسىق مۇنچا، ھاممام تەسىرىدىن بولغان باش ئاغرىقلىرىغا چاپسا (يەككە ئۆزىنى چاپسىمۇ بولىدۇ)، باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن لاتىنى ھۆل قىلىپ، پېشانىگە قويسىمۇ ياكى سىركە بىلەن گۈلاب (گۈل سۈيى)نى بىللە قاينىتىپ، لۆڭگىنى چىلاپ پېشانىگە قويسىمۇ، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سىركىنى پۇراتسا، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. نەزلىلەرنى (مېڭىدىن كەلگەن زىيانلىق سۇنى) توختىتىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك دورىلار، مەسىلەن: بادام يېغى، گۈل يېغى، گۈلاب، پەتەڭگان سۈيى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دورىلار بىلەن چاپسا، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، سەرسام قىزىتمىدىن بولغان بىئاراملىق، جۆيلۈشلەرگە پايدا قىلىدۇ.

سىركىنى پارغا ئايلاندۇرۇپ ھورلاندۇرسىمۇ، يۇقىرىدىكى كېسەللەرگە پايدا قىلىدۇ. بۇرۇننىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ.

**پارلاندۇرۇش ئۇسۇلى:** پىششىق كېسەك ياكى تاشنى قىزىتىپ ئۈستىگە سىركىنى سەپسە پارى چىقىدۇ ياكى قاچىغا سىركىدىن ئازراق قۇيۇپ، ئۈستىگە ئاز ـ ئازدىن قايناق سۇ قۇيسا، ھورى چىقىدۇ. شۇنىڭ ھورىغا تۇتۇلىدۇ.

بىر ھەسسە سىركە، ئىككى ھەسسە سۇنى ساپال قاچىغا قۇيۇپ، ئازراق شېكەر قوشۇپ، قاچىنىڭ ئاغزىنى ئوتتۇرىسىدا كىچىك تۆشۈكى بار قاپقاق بىلەن يېپىپ، ئەتراپىنى ماش ئۇنىنىڭ خېمىرى بىلەن مەھكەم چاپلاپ، سۇس ئوتتا قاينىتىپ، تۆشۈك ئۇدۇلىغا كانايىنىڭ ھوشۇقىنى (بوغدىيەكنى) تۇتۇپ، ھورلاندۇرۇش ئۇسۇلى ھەر 3 ـ 4 سائەتتە بىر قېتىم تەكرارلانسا، 3 ـ 4 مەرتىۋە شۇنداق قىلىش بىلەن كېكىردەك، كاناي ئىششىقلىرى يېنىپ ساقىيىپ قالىدۇ. سىركىنى ھەسەل بىلەن بىللە چاپسا، كۆزنىڭ مۇلكىدىكى ئۇششاق مۇدۇرلارغا، تېرىگە تاياق تېگىپ قان ئۇيۇپ، كۆكەرگەنلەرگە پايدا قىلىدۇ. قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاقتىكى قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، قۇلاقنىڭ ۋاڭىلدىشىنى يوقىتىدۇ، قۇلاقنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، گاسقا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئاڭلاش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. تاغ پېيىزىنىڭ قۇرۇقىدىن 30 گىرامنى يوپۇرماققا ئوخشاش نېپىزلىتىپ، سىركىدە قاينىتىپ، ياخشى پىشقاندا، بىر قانچە كۈن ئاپتاپتا قويۇپ، ئاندىن سۈزۈپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە 6 گىرامدىن يېسە، ئېغىزنىڭ سېسىق پۇرىشىنى تۈگىتىدۇ. سىركىنى تۇز بىلەن قوشۇپ ئېغىزنى چايقىسا، چىش چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىنكى قاناشنى توختىتىدۇ. سىركىنى ئاق زەمچە بىلەن قوشۇپ چىشنى يۇسا، چىشقا جۇلا بېرىپ، ساپ قىلىدۇ. چىش مىلىكىنىڭ قانىشىنى توختىتىدۇ. سىركىنى سېرىقچېچەك بىلەن قوشۇپ چىشنى چايقىسا، بوشىغان چىشنى چىڭىتىدۇ. غار ـ غار قىلسا، زىيادە ھۆللۈكنىڭ گالغا، خەنناققا، كىچىك تىلنىڭ ساڭگىلاپ قالغىنىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. سىركىنى زىرە، سەتەر قوشۇپ ئېغىزنى چايقىسا، چىش ئاغرىقىغا، چىش مىلىكى جاراھىتىگە پايدا قىلىدۇ. سىركىنى ئاز ـ ئازدىن يېسە، گالدا تۇرۇپ قالىدىغان زۇلۇك دەپ ئاتىلىدىغان قۇرتنى چۈشۈرىدۇ. سىركە يەنە ئىسسىقتىن بولغان كونا يۆتەل، نەپەس سىقىلىشقا پايدا قىلىدۇ. ياڭاق پىندۇقتەك بولغاندا، ئۇنى سىركىگە چىلاپ تۇرغۇزۇپ، ئاندىن شۇ سىركە بىلەن غار ـ غار قىلسا، خەنناق ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ (بۇ ياڭاق سىركىسى دەپ ئاتىلىدۇ).

پىياز سىركىسى سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، نەپەس سىقىلىش، مېڭە كېسەللىكلىرى، ئىستىسقالارغا پايدا قىلىدۇ. سىركە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، نەپەسكە ياردەم بېرىدۇ. ئىچكى ئەزادىن كەلگەن قاننى

توختىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، قاتتىق بەلغەمنى، قېتىپ قالغان تالنى يۇمشىتىدۇ، سەپرانى كېمەيتىدۇ، ماسارىقانىڭ (ھەزىم بولغان تاماقنىڭ جىگەرگە ئۆتىدىغان يولى) توسالغۇلىرىنى، تالنىڭ توسالغۇلىرىنى، تومۇرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئاچچىقلىقى سەۋەبلىك دورىلارنىڭ تەسىرىنى تالغا يەتكۈزىدۇ. پىياز سىركىسىنى دائىم ناشتىدا ئىستېمال قىلسا، ئۈچەيدىكى قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ. تاماقتا سىركە قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، ئاشقازاندىكى زىيادە ھۆللۈكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. زەھەر يەپ قالغان كىشىگە سىركىنى ئىسسىتىپ ئىچۈرسە، قۇستۇرۇپ زەھەرنى چىقىرىدۇ. ئاشقازاندا قېتىپ قالغان قان، سۈتنى يۇمشىتىدۇ. سىركىگە تۇز قوشۇپ ئىچسە، ئەزانىڭ يېرىلغىنىغا، غالجىر ئىت چىشلىگەنگە پايدا قىلىدۇ. خۇسۇسەن ئۈزۈم سىركىسىگە جام ئەنجۈر ۋە مېغىز ياكى بۆرە سويمىسى يىلتىزىنىڭ پوستىنى چىلاپ، تەمى چىققاندىن كېيىن، سۈزۈپ ئەتىگەندە ئىچسە، تالنىڭ ئىششىقىنى ۋە ئىستىسقىنى ياندۇرىدۇ. ئازغىنا مازىرىيۇننى چىلاپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزسە، ئىستىسقىنى، بالياتقۇنىڭ سوغۇقلۇقىنى كۆتۈرىدۇ. سىركىنى ئىسسىتىپ تۇز بىلەن ھەمەل قىلسا، ئۈچەي يالللۇغىغا پايدا قىلىدۇ. سىركىنى چاپسا چاپلىشىدىغان يىرىڭلىق چاقا، ئۇششاق قىزىل مۇدۇر، كۆيدۈرگە، چۇمۇلە ماڭغاندەك بولىدىغان جاراھەت، يىرىڭلىق قىچىشقاق، بۆۋاسىر، تىرناق ئاستى يىرىڭلاش، تەمرەتكە، ئىچكى ـ تاشقى ئەزانىڭ ئىششىقى، يېڭى جاراھەتلەرنىڭ ئىششىقى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ھاشاراتلارنىڭ ئىسسىق زەھەرىنى قايتۇرىدۇ، كۆيۈككىمۇ پايدا قىلىدۇ.

ئەنجۈرنى سىركىدە قاينىتىپ، خېمىر قىلىپ چاپسا، ئەزانىڭ ئېچىشىپ ئاغرىشى ۋە يىرىكلىشىشىگە پايدا قىلىدۇ. گۈڭگۈرت پوقىنى قوشۇپ چاپسا، نۇقرىسقا (ئۇششاق قول ـ پۇتنىڭ رېماتىزملىق) ئاغرىشىغا پايدا قىلىدۇ، ئارپا ئۇننى قوشۇپ چاپسا، خەنناق، بوغما كېسەل، ئەمچەك ئىششىقى، قۇلاق ئارقىسىنىڭ ئىششىقى، ئىسسىقتىن بولغان باشقا ئىششىقلارغىمۇ پايدا قىلىدۇ. سىركىگە ئىسسىق كۈل قوشۇپ، بەز تۇرۇپ قالغان (لىمفا بەزلىرى ئىششىغان) جايلارغا چاپسا، ئىششىقنى قايتۇرىدۇ. تاشنى قىزىتىپ، سىركىگە سېلىپ، ھورىنى مەقئەتكە تۇتسا، بۆۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

**ئىشلىتىلىش مىقدارى:** 1 ـ 5 ياشلىقلارغا 5 ـ 10 گىرامغىچە، 5 ـ 10 ياشلىقلارغا 10 ـ 15 گىرامغىچە، 10 ياشتىن يۇقىرىلارغا ئەھۋالىغا قاراپ 20 ـ 28 گىرامغىچە بېرىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بەزى مىزاجلارغا مۇسەللەس، بەزى مىزاجلارغا لىمون سۈيىدۇر.

**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:** ياشانغانلارغا، نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللەرگە، ئۆپكە كېسىلى بارلارغا، يېڭى يۆتەل، قۇرۇق يۆتەل، قاتتىق بەلغەم، بېغىش ئاغرىقى بارلارغا، ئىچكى ئەزالىرى ئاجىز، جىنسىي ئالاقىدە ئاجىز كىشىلەرگە، بالياتقۇنىڭ ئاجىزلىقىغا، پەيگە، سوغۇق مىجەزلەرگە زىيان قىلىدۇ. دائىم ئىستېمال قىلسا، ئىستىسقا پەيدا قىلىدۇ، كۆزنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بەدەننى ئاجىزلاشتۇرۇپ سارغايتىۋېتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاتلىق نەرسىلەر، ياغلىق شورپا، قىزىل شاراب، يۆتەلنى پەسەيتىش ئۈچۈن بادام يېغى، پەيىنىڭ ئاجىزلىقى، ئۈچەيىنى ئېچىشتۇرۇش، قۇيۇق قىلىش ئۈچۈن لوئابتۇر. نارجىل ۋە تېرىقنىڭ سىركىسى پەيگە زىيان قىلىدۇ.

**تەركىبى:** سىركىنىڭ ئاساسىي تەركىبى سىركە كىسلاتاسى (ئاتسىدۇم ئاتسېتىكۇم)دىن ئىبارەت، ئۇنىڭدىن قالسا، سىركە ئېفىرى، قەنت ماددىسى، كۈل ماددىلىرى ۋە باشقا باللاست ماددىلار بار⑤.

## سىركىنىڭ جۇڭيى تېبابىتىدە ئىشلىتىلىشى

**تەبىئىتى:** ئىسسىق، ھۆل، تەمى چۈچۈك، زەھەرسىز.

**خۇسۇسىيتى:** قايغان قاننى تارقىتىش، غەلۋىرەك (كودۇمبا) ئىششىقنى قايتۇرۇش، مۇنەك دورىلارنى

www.uyghurkitap.com

ھەل قىلىش (ئېرىتىش) ۋە بېلىق، گۆش، كۆكتات، ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇنىڭدەك ئۇچەينىڭ قاتتىقلىقىنى، تۈبېركۇليوز (سىل) كېسەللىكى ئوغرى تەرنى داۋالايدۇ.

تەسىرى: ئاشقازانغا كىرگەن چاغدا ئاشقازان تاملىرىدىكى نېرۋىلارنى غىدىقلاپ، ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى تېزلىتىدۇ ۋە پېپسىننىڭ ئېچىتىش خۇسۇسىيىتىنى چەكلەيدۇ. ئۇچەيگە چۈشكەندە ئۇچەيدىكى شىلىمشىق پەردىلەرگە تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇتۇش (قابىزلىق - قورۇش) خۇسۇسىيىتىنى كۈچەيتىدۇ، دەمال ھەزىم بولغان ئاقسىللارنى قاتۇرۇپ، ئۇچەي ئارقىلىق سىڭىشنى تېزلىتىپ، قانغا ئۆتكۈزىدۇ. يەنە قان تومۇرلارنى تارايتىپ، تەرنىڭ چىقىشىنى ئازايتىدۇ.

تۇغۇتلۇق ئاياللاردىن خۇن كۆپ كېتىپ ھوشسىزلانغاندا، سىركە ئىچكۈزۈلسە، خۇننى توختىتىپ، كېسەلنى ھوشىغا كەلتۈرىدۇ. سوقۇلغان قۇستە شېرىن سىركە بىلەن ئىچكۈزۈلسە، يۈرەك ئاغرىشىنى داۋالايدۇ. كۆيگەن جايىنى سىركە بىلەن يۇيۇپ، سىركىنىڭ تىرىپى بىلەن تېڭىپ قويۇلسا، تاتۇق قالمايدۇ.

ۋابا ياكى باشقا ئۇچەي كېسەللىكلىرىدە كۈچلۈك قۇسۇش يۈز بەرگەندە، سىركىگە تۇز سېلىپ قاينىتىپ ئىچكۈزۈلسە، قۇسۇشنى تېزلىكتە توختىتىدۇ، پۇتنىڭ پەيلىرى قايرىلىپ، سوزۇلۇپ كەتسە، قىزدۇرۇلغان سىركىگە پاختىنى چىلاپ تاڭسا، ئاغرىقنى توختىتىدۇ. قايتا - قايتا ئىشلەتسە ئوڭاي ساقايتىدۇ.

قۇلاق ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى، زەھەرلەرنى قايتۇرۇش، دۇرىلارنى ئېرىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، بەدەن ھارارىتىنى پەسەيتىش، مىكروبسىزلاندۇرۇش جەھەتتىن ئىشلىتىلىشى ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى بىلەن ئوخشاش. قۇشقاچ تۇخۇمىغا سىركە ۋە ئازراق سۈزۈك سۇنى قوشۇپ، كۈندە بىر قانچە قېتىم سۈركەپ بېرىلسە، يۈزدىكى داغنى يوقىتىدۇ؛ قۇلاققا ھاشاراتلار كىرىپ كەتسە، سىركە تېمىتسا، ئۇلارنى چىقىرىدۇ. دادۇرنى سىركە بىلەن قاينىتىپ ئىچكۈزسە، تۇغۇتنى تېزلىتىدۇ. بالا تۇغۇلمىسا، قايتا ئىچكۈزۈشكە بولىدۇ. بالىنىڭ ھەمرىيى چۈشمىسىمۇ، شۇ چارىنى قوللانسا ياكى سۇ بىلەن تەڭشەپ ئىچكۈزسە ئوڭاي چۈشۈرىدۇ. قۇشقاچ مايىقىنى سىركىدە يۇمشىتىپ تاڭسا، ھەرقانداق جاراھەتنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ.

يەرلىك سىركىنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار شىپالىق رولى بولغاندىن تاشقىرى، يېقىنقى يىللاردىكى خىمىيەلىك ئانالىزلاردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ يەنە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھارغىنلىقنى تۈگىتىش، قان - تومۇر كېسەللىكلىرىگە شىپا بولۇش ۋە تەم تەڭشەش قاتارلىق روللىرىمۇ بار ئىكەن.

ئالايلۇق، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولى: دىيارىمىزدا ئەلمىساقتىن تارتىپلا سىركە چىرىشتىن ساقلىغۇچى، شۇنداقلا ساقلىقنى ساقلاش مەھسۇلاتى ئورنىدا ئىشلىتىلىپ كەلگەن. ھازىرقى مېدىتسىنا تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، سىركىنىڭ باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يىرىڭلىق ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيەسى، سالمونېللا باكتېرىيەسى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسى قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرەلەيدىكەن. ئەتىياز پەسلى تۈرلۈك نەپەس يولى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى كۆپ قوزغىلىدىغان پەسىل بولغاچقا، سىركىگە مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قوشۇپ، ئوتتا قىزدۇرۇپ ئۆي ۋە ئىشخانىلارنى ھورداتسا، يۇقۇملۇق زۇكام قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئۈنۈملۈك ئالغىلى بولىدۇ.

ھارغىنلىقنى تۈگىتىش رولى: ئادەم بەدىنىدە دائىم دېگۈدەك تۈرلۈك غەيرىي ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە بۇلار خىلىتلارنىڭ كىسلاتالىشىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەگەر قورۇمىلارغا مۇۋاپىق مىقداردا سىركە قوشۇۋەتكەندە بۇ خىل ئالامەتنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، ھارغىنلىقنى تۈگىتىش ئۈنۈمىگە يەتكىلى بولىدىكەن.

كېسەل داۋالاش رولى: سىركىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى سىركە كىسلاتاسى بولۇپ، ئۇ ئاشقازان نېرۋىـ

لىرىنى غىدىقلاپ، ئاشقازان ئاجراتمىلىرىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئاشقازان كۆپۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، كىلىنىكىدا سىركىنىڭ قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش رولى بار بولۇپ، يۇقىرى قان بېسىمى ئاغرىقلىرى دائىم سىركە ئىستېمال قىلغاندا قان بېسىمىنى تۆۋەنلەتكىلى، شۇنداقلا قان تومۇر قېتىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆت يولى سازاڭسىمان مەددە قۇرت كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار، يىگىلەش خاراكتېرلىك ئاشقازان ياللۇغىغا گىرىپتار بولغانلارمۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سىركە ئىچىپ بەرسىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ⑥.

سىركىنىڭ تەم تەڭشەش رولى: سىركىنىڭ پۇرىقى كۈچلۈك بولۇپ، غەيرىي پۇراقلارنى يوقىتىدۇ. سىركىنىڭ يەنە يېمەكلىكلەرنى قىزدۇرۇش جەريانىدا يېمەكلىك تەركىبىدىكى ۋىتامىنلارنىڭ زىيانغا ئۇچراش مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش رولى بار. بېلىق پىشۇرغاندا سىركە قوشۇۋەتكەندە، بېلىق تەركىبىدىكى كالتسىي ۋە تۆمۈر ماددىسىنىڭ ئېرىشىنى تېزلىتىپ، ئادەم بەدىنىگە سۈمۈرۈلۈشىگە ياردەم بېرىدۇ؛ تۇزلۇق، ئاچچىق، ياغلىق يېمەكلىكلەرگە سىركە قوشۇۋەتكەندە، تەم تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ؛ گۆش پىشۇرغاندا ئازراق سىركە قوشۇۋەتكەندە، گۆشنى تېخىمۇ يېيىشلىك قىلىدۇ.

دېمەك، سىركە خەلقىمىز يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدە مۇھىم رول ئويناپلا قالماي، بەلكى داۋالاش ـ دورىگەرلىك ئىشلىرىدا، بولۇپمۇ كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە كېسەل داۋالاشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

ئىزاھاتلار:

①③④ ئابلىز مۇھەممەد سايرامىي: «قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئۈزۈمنىڭ دورىلىقتا ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2009 ـ يىللىق 3 ـ سان، 53 ــ 63 ـ بەتلەر.

② ئابدۇللا سۇلايمان: «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، شىنجاڭ بەدىئىي سەنئەت ـ فوتو نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 279 ــ 281 ـ بەتلەر.

⑤ قەشقەر شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابىتى شىپاخانىسى: «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا ـ سەھىيە نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 9 ـ ئاي 3 ـ نەشرى، 219 ـ، 222 ـ بەتلەر.

⑥ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، 7 ـ بەت.

(ئاپتور جۇڭگو سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىدا)



# تۆتۆرگە رىۋايەتلىرىدىن تاللانمىلار

توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: غەيرەتجان ئوسمان، مىجىت ئوسمان

## غالغال ۋە پالپال

يىراق قەدىمكى زاماندا زېمىن قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ ئىكەن. زېمىننىڭ پادىشاھى زېمىنغا يورۇقلۇق پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئۇزاق يىللار ئويلىنىپ، ۋەزىر - ۋۇزۇرالىرىدىن مەسلىھەت ئېلىپ، قىلمىغان چارىسى قالماپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى زېمىن پادىشاھى قارا قورۇم تاغلىرىغا بېرىپ قاشتېشى ئىزدەپ يۈرگىنىدە تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، مۆلدۈر يېغىپ، يەرلەر تەۋرەپ، تاغلار يېرىلىپتۇ، ئاجرىلىپ چىققان تاشلار بىر - بىرىگە قاتتىق ئۇرۇلۇپ غۇلاپ چۈشۈپتۇ. شۇ ئەسنادا «قارا» دېگەندەك بىر سادا كېلىپ، غۇلاپ چۈشۈۋاتقان تاشلارنىڭ ئۆز - ئارا سۈركىلىشىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چىقىپتۇ. زېمىن پادىشاھى بۇ ئالامەتنى كۆرۈپ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئارزۇ قىلغان نەرسىسىنى تاپقاندەك بوپتۇ. ئۇ ۋەزىرلىرىگە سەرخىل يىگىتلەردىن تۆت مىڭ نەپەرنى تاللاپ، مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، غۇلاپ چۈشىدىغان تاشلاردىن چىققان ئوتلارنى يىغىپ، زېمىننىڭ مەركىزىگە ئېلىپ بېرىپ، ئوردا ئەھلى ۋە پۇقرالارنى ئوت بىلەن تەمىنلەشنى بۇيرۇپتۇ.

ئىشلار پادىشاھنىڭ دېگىنى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. يىگىتلەر قورۇم تاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدە ئۇزاق تۇرۇشۇپتۇ. تاشلار غۇلاپ چۈشمەپتۇ. ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە قايتىپ ئاتا - ئانىسى، يۇرتىنى كۆرۈش ئۈچۈن يولغا چىققىلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ، يامغۇر يېغىپ، تاغلار غۇلاپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. يىگىتلەر ئوتنى يىغىشقا تەييارلىقسىز تۇرغاچقا سوقۇلغان تاشلاردىن چىققان ئوت ئۇچقۇنلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىتلەر سەپىرىنى توختىتىپ، يەنە بىر مەزگىل تۇرۇش ئۈچۈن بارگاھلىرىغا قايتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق يولغا چىقىش، بارگاھقا قايتىش ئىشى تۆت يۈز يىل تەكرارلىنىپتۇ. يىگىتلەرنىڭ ئىچىدە غالغال دەيدىغان بىر يېتىم يىگىت بولۇپ، ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىچى قاتتىق پۇشۇپ، يىگىت بېشى ئارقىلىق پادىشاھقا بارلىق يىگىتلەرنىڭ قايتىشىنى، ئۆزى يالغۇز قېلىپ، ئوتنى قولغا كەلتۈرۈپ، زېمىنغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئىش بېشى بۇنىڭغا كۆنمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش زې-

مەن پادىشاھىغا يەتكۈزۈلۈپتۇ، پادىشاھ بۇ ھەرە-
كەتنىڭ ئالدى ـ كەينىنى مۆلچەرلەپ، غالىغالنىڭ
تەكلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. غالىغال قۇرۇم تېغىنىڭ
ئىچكىرىسىدە قېلىپ، ئوتنىڭ چىقىشىنى ساقلاپ-
تۇ. ئۇ بىردە ئاسمانغا قارىسا، بىردە تاغلارغا
قاراپ، ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشى، يامغۇرنىڭ يېغىشى،
تاغلارنىڭ يېرىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، تاشلارنىڭ
ئۆزىدىن ئوت چىقارغىلى بولماسمۇ، دېگەن ئوي
بىلەن ئىككى تال بىلەي تاشنى ئىككى قولىغا ئې-
لىپ، شۇنداق سۈركەي دەپ تۇرۇشىغا، كەينىدىن
ئىككى سايە كېلىپ بېشىغا بىر قاپنى كىيدۈرۈپ
دولدۇلنىڭ كەينىگە مىنگەشتۈرۈپ، ساماۋى كۆك-
كە ئېلىپ چىقىپ، ئوت تەڭرىسىنىڭ دەرگاھىغا
ئېلىپ چىقىپتۇ. ئوت تەڭرىسى غالىغالنىڭ قاملاش-
قان، ئۆتكۈر، زەبەردەست يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆ-
رۈپ ھەيران بوپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:
— پۈتكۈل ئالەمدىكى ئوتنى مەن باشقۇرى-
مەن، ئىنسانىڭ قولىغا ئوت ئۆتۈپ قالسا، مېنىڭ
كۈچ ـ قۇدرىتىم ئاجىزلىشىپ، ھوقۇقۇم ئۆتمەس
بولۇپ، ئەتراپىمدىكى ئوت مالائىكىلىرى ياشىيال-
مايدۇ. مەن زېمىن پادىشاھىنىڭ ئوت ئىزدەۋاتقان-
لىقىنى بىلىمەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن مىڭ يىلدىن
بېرى ئوت تالىشىپ كېلىۋاتىمەن. ھالا بۈگۈنكى
كۈنگە كەلگەندىمۇ زېمىن پادىشاھى ئوتنى قولغا
كەلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتىدۇ. مەن بۇنىڭغا
يول قويالمايمەن. ھاۋانى گۈلدۈرلىتىش، چاق-
ماقلارنى چاقتۇرۇش، يامغۇرلارنى ياغدۇرۇش،
تاغلارنى سوقۇشتۇرۇپ، غۇلىتىش، تاشلاردىن ئوت
چىقىرىش ئىشىنى مەن ئورۇنلاشتۇرىمەن. مېنىڭ
چوڭ بىر ئوتدانىم بار. ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئوت كې-
رەك بولىدۇ. تاغلاردىن چىققان ئوتلارنى مېنىڭ
مالائىكىلىرىم ئوت چويلىسىدا يىغىپ، ئوتدانغا
جەم قىلىدۇ. سېنىڭ كۆڭلۈڭگە تاشنى تاشقا ئۇ-
رۇش ئارقىلىق ئوت چىقىرىشنى كىم سالغانلىقى-
نى بىلمىدىم. ھەرىكىتىڭنى كۆزىتىپ تۇرسام،
مۇشۇ ئىشنى قىلغىلىۋاتىسەن، شۇنىڭ بىلەن،
چېرىكلىرىمنى ئىشقا سېلىپ، سېنى يېنىمغا ئە-
كەلدۈرۈۋالدىم. ئەمدى سەن ئوت پەيدا قىلىشقا ئۇ-
رۇنغانلىقىڭ ئۈچۈن ماڭا قىرىق يىل تاش چېقىپ،
تاش تاراشلاپ بېرىسەن، مەن كۈنلەردىن بىر كۈنى
زېمىنغا قايتىمەن، شۇ چاغدا ئولتۇرىدىغان ئوردا
ـ قەسىر ياستىمەن، شۇ پۈتكەندە سېنىڭ گۇنا-
ھىڭ ساقىت بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئەسلىدە قاراقۇرۇمنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاش-
قان قاراڭغۇلۇق مەملىكىتىنى باشقۇرىدىغان ئوت
تەڭرىسى ھەر يىلى ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى
كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن شەيتانلاردىن تەشكىل-
لەنگەن توت مىڭ چېرىكىنىڭ ھىمايىسىدا يىلدا بىر
قېتىم زېمىنغا ئوت ئېلىپ چۈشىدىكەن. ئۇ سە-
ھەردە كېلىپ بىر كۈن تۇرۇپ، قاش قارايغاندا يەنە
قايتىپ كېتىدىكەن. جەريانى مۇنداق ئىكەن: ئوت
تەڭرىسى ئوتداندىن بىر تاۋاق ئوتنى بىر ئىدىشنىڭ
ئىچىگە سېلىپ، ئاغزىنى ئۆكۈزنىڭ توققۇز قەۋەت
تېرىسىدە ئېتىپ، زېمىنغا ئېلىپ چۈشۈپ، ئى-
دىشنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئوتنى چىقىرىپ، زې-
مىننى يورۇتىدىكەن. يەر يۈزىدىكى ئادەملەر ۋە
باشقا مەخلۇقلار، گىياھلار شۇ كۈنى بىر كۈنلا يو-
رۇقلۇقتىن بەھرىمەن بولۇۋالىدىكەن. بۇ كۈن دەل
تۈن بىلەن كۈن تەڭلەشكەن ۋاقىت بولۇپ، بۇ «نو-
روز» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئوت تەڭرىسى ئوت ئېلىپ
چۈشكەن كۈنى زېمىن پادىشاھى ئامالسىز ئوت
تەڭرىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، يەتتە
ئىقلىمنىڭ ئادەملىرىنى تەكلىپ قىلىپ، داغدۇغى-
لىق بايرام ئۆتكۈزۈپ، ئوت تەڭرىسىگە تەنتەنە قى-
لىدىكەن. بۇ قېتىمقى تۇتقۇن قىلىش ۋەقەسىدىن
كېيىن غالىغال ۋاقىتلىق بولسىمۇ تەقدىرگە تەن
بېرىپ، لام ـ جىم دېمەي، ئىش مەيدانىغا بېرىپ،
تاش تاراشلاشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ پۈتۈن ۋۇ-
جۇدى بىلەن تاش تاراشلىسىمۇ، ئەمما ئەس ـ يادى
مەلىكە پالپالدا ئىكەن. غالىغال ئەسلىي بىر يېتىم
ئوغۇل بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھالىغا باقماي، قاراڭ-
غۇلۇق مەملىكىتى پادىشاھىنىڭ قىزى پالپالغا غا-
يىبانە ئاشىق ئىكەن. غالىغال ئۆزىنىڭ ئاشىقلىقىنى
بىر ئامالالار بىلەن پالپالغا يەتكۈزگىنىدە، پالپال

«ئوت تەڭرىسى ھەر يىلى زېمىنغا چۈشكىنىدە ئاشۇ ئوتتىن بىر تاۋاق ئېلىپ قېلىپ، زېمىنغا قىرىق كېچە - كۈندۈزلۈك چىراغ يېقىپ بېرەلىسەڭ، ئاندىن تەلىپىڭگە ماقۇل دەيمەن، دېگەن شەرتنى قويغانىكەن. ئەسلىدە پالپال بۇ تەلەپنى يەتتە ئىقلىمنىڭ يەتتە شاھزادىسى ئايرىم - ئايرىم ئەلچى ئەۋەتكىنىدە قويغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ بۇ شەرتنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشتا يوق، شەرتنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپلا ئىككىنچىلەپ پالپالغا ئېغىز ئاچالماي يۈرگەنىكەن. غالغال پالپالنىڭ شەرتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شەرتنى ئورۇنلاشقا بەل باغلاپ بۇ قېتىمقى تەۋەككۈلچىلىككە ئاتلانغانىكەن. ئۇ ئوت تەڭرىسى زېمىنغا چۈشكەندە تىنىم تاپماي ئىشلەپ، سەمىمي ۋە ئوچۇق - يورۇق پوزىتسىيەدە بولۇپ، ئوت تەڭرىسىدە ياخشى تەسىر قالدۇرماقچى بوپتۇ. دەل ئاشۇ چاغلاردا ئوت تەڭرىسىنىڭ يېشى ئۇلغىيىپ، بېلى ئېگىلىپ، زېھنى ئاجىزلاشقان، كۆزلىرى تورلاشقان بولغاچ، قول ئاستىدىكىلەردىن خەۋپسىرەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇ زېمىندىكى ئادەمزات نەسلىدىن بىر ئوغۇلنى ھەمراھلىققا تاللاشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەنىكەن. كۈتۈلمىگەندە قورۇم تېغىدا ئوت ئىزدەپ يۈرگەن غالغال ئوت تەڭرىسىنىڭ دىققىتىگە ئېلىنىپ قاپتۇ. تاسادىپىي ماس كېلىپ قالغان ئەھۋالدا غالغال ئۆزىنىڭ كېلىشكەن قامىتى، زېرەكلىكى، كۈچتۈڭگۈرلۈكى ھەم ئىشچانلىقى بىلەن ئوت تەڭرىسىنىڭ دىققىتىگە ئېلىنىپتۇ. ئوت تەڭرىسى ئىنتايىن ھېيلىگەر بولۇپ، غالغالنى قاتتىق - يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن سىناپتۇ. ئۇ دەسلەپ غالغالغا قاتتىق ۋەزىپە تاپشۇرۇپتۇ. غالغال جاپالىق بولغان تاش تاراشلاش ئىشىنى ئىشلەشكە كىرىشىپتۇ. ئارىدىن قىرىق كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوت تەڭرىسى غالغالنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ئۇچار كېمىسىگە سېلىپ ساماۋى كۆككە ئېلىپ چىقىپتۇ. ھەمدە ئىلاھىي ئوت بار ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى غالغالغا تۇتقۇزۇپ، قول ئاستىدىكىلەرگە ئەتراپنى مۇھاپىزەت قىلىشنى ئېيتىپتۇ. ئوت تەڭرىسى غالغالنى ئوت دېڭىزىنىڭ ئىچىدىن بىر تىنىق بىلەن ئاتلاپ ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاندىن ئۇنى قاتتىق سوغۇق ئۆرلەيدىغان بىر سۇپىنىڭ ئۈستىدىكى كۆك مۇزنىڭ تۆپىسىدە قىرىق تۇياق قوچقارنى سويدۇرۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىنى تۇرلەر بويىچە ئايرىتقۇزۇپتۇ؛ مۇز دېڭىزىغا چۈشۈرۈپ، قىرىق باش لەھەڭ بىلەن ئېلىشتۇرۇپتۇ. قول ئاستىدىكىلەر بىلەن ئۇرۇشتۇرۇپتۇ. دەسلەپ يەككە ھالدا، ئىككىنچى قېتىم ئونى بىلەن، ئۈچىنچى قېتىم قىرىقى بىلەن ئايرىم - ئايرىم نەيزە - قىلىچلاشتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، قىرىق تۇياق بوقىنى ئۈچ قېتىمدىن يىقىتىپ، قوپقۇزۇپ، توققۇز گەز ئېگىزلىكتىكى ئۆگزىگە كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ، يەنە پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ، ئوقۇرلارغا تەرتىپلىك باغلاش قاتارلىق شەرتلەرنى قويۇپتۇ. غالغال بۇ شەرتلەرنى تەمتىرىمەي بىر - بىرلەپ ئورۇنلاپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوت تەڭرىسى زېمىنغا بىر ئوردا سالدۇرماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا كېرەكلىك تاشنى ساماۋى كۆكتىكى زۇمرەتتىن تەييارلاش ئۈچۈن غالغالنى تاش تاراشلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بۇ ئىشقا قىرىق يىل كېتىدىكەن. غالغال بۇ ۋەزىپىنىمۇ رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، تاش تاراشلاش ئىشىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ. غالغال تاش تاراشلىغاچ «قىرىق يىلغىچە پالپال ساقلاپ تۇرالارمۇ؟ زېمىندىكى كىشىلەر ئوتسىز ئەھۋالدا قانداقمۇ ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرار؟ ئوت تەڭرىسىنىڭ ئوتىدىن ئوتنى ئوغرىلاپ زېمىنغا يەتكۈزگىلى بولارمۇ؟ مۇبادا، تۇتۇلۇپ قالسام قانداق بولار؟» دېگەندەك خىياللارغا چۆكۈپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. قىرىق توققۇز يىل ئۈچ يۈز ئاتمىش تۆت كۈن بولغاندا، بىر غەلىتە ۋەقە يۈز بېرىپتۇ. يەنى غالغال تاشقا ئۇرغان مىتىندىن شۇنداق بىر ئوت چىقىپتۇ، غالغال بۇ كارامەتنى كۆرۈپ، شۇنداق بىر ئەقىلگە كەپتۇ، يەنى بىر تاراشلانغان تاشنى ئۇنىڭ يۈزىگە چاپلاپ، ئىككى تاشنى جىپسىلاشتۇرۇپتۇ. ئۇيقۇسىزلىقتا مۈگدەپ

قالغان چېرىكلەر غالغالغا مىتىندىن چىققان ئوتنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى سورىغانىكەن. غالغال بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى ھەيۋە قىپتۇ. ئەمما ئېنىق جاۋابقا ئېرىشەلمەپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر جۈپ سېغىزخان ئۇچۇپ كېلىپ غالغالنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ قاقىلداپ سايراشقا باشلاپتۇ. غالغال بىر جۈپ سېغىزخانغا ئىما ـ ئىشارەت ئارقىلىق جۇپلەنگەن تاشنى كۆرسىتىپتۇ. بۇ بىر جۈپ سېغىزخان چېرىكلەر ئېلىپ ماڭغان تاشلارغا ئەگىشىپ زېمىنغا چۈشۈپ، غالغالنىڭ دوستى دالدالغا ئوت قىستۇرۇلغان تاشنى ئىشارە قىپتۇ. دالدال شەيتان چېرىكلەرنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، ئىككى تاشنى ئاجرىتىپ، غالغال ئەۋەتىپ بەرگەن ئوتنى ئۆزى تەييارلاپ قويغان ئىدىشكە قاچىلىۋېلىپ، ئۇنى پالپالنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پالپال ئىدىشىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئوتنى زېمىنغا چىقىرىپتۇ. بۇ ئوت قوياشقا ئايلىنىپ زېمىنغا يورۇقلۇق تارقىتىشقا باشلاپتۇ. ئەمما زېمىن يورۇپ كەتكەچكە ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئالاقە يولى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئوت تەڭرىسى زېمىنغا قايتا كېلەلمەپتۇ. غالغالمۇ ساماۋى كۆكتە قاپتۇ. غالغالنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن پالپال ئوتنى زېمىنغا چىقارغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ، قاتتىق ھەسرەت چېكىپ، دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپتۇ.

ئەسلىدە چېرىكلەر زېمىندىكى ئوتنى ۋە ئادەمزات چىقارغان ئوتلارنى يىغىپ، ئوت تەڭرىسىنىڭ ئوتدانىغا جەم قىلىدىكەن. بۇنى ئوت تەڭرىسى باشقۇرىدىكەن. ئەپسۇسكى، زېمىندا ئەسلىدە ئوت بولسىمۇ ھەم ئوتلارنىڭ بىر قىسمىنى ئادەمزات بالىلىرى چىقىرىدىغان بولسىمۇ، بىراق نەچچە مىڭ يىللارغىچە بۇ ئوتتىن ئىنسانلار پايدىلىنالماي، ئوت تەڭرىسى بۇ ئوتلارنى ئىگىلىۋېلىپ، جاھانغا زومىگەرلىك قىلىپ كەلگەنىكەن. غالغال ئوتنى ئوغرىلاپ كەلگەندىن كېيىن، زېمىن يورۇپ، بۇ يەردە ئوت پەيدا بولغانىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: كونا شەھەر ناھىيە قوغان يېزا يۇقارقى قازىرىق كەنتىدىن روزۋانخان ماموت بىلەن يېڭى ئۆستەڭ يېزىسى دۆڭكۆل كەنتىدىن ئوسمان قاسىم؛ توپلىغۇچى: مىجىت ئوسمان؛ رەتلىگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان)

## ئافراسياپ ۋە مىڭئۆي

قەدىمكى زاماندا قەشقەر، خوتەن، كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان، جىمسار قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇۋاتقان ئافراسىياپ دېگەن خاننىڭ توققۇز ئوغلى بار ئىكەن. خان كەنجى ئوغلىنى شۇنچە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ بالا ئەركە بولغانلىقى ئۈچۈن ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىپ كەپسىز چوڭ بوپتۇ. ھەممىيلەن كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇنى ئوقۇتۇپ تەربىيەلەپ خاننىڭ ئىزىنى باسالىغۇدەك بىلىملىك ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئىشى ناھايىتى تەسكە چۈشۈپتۇ. خان بۇ ئىش توغرۇلۇق قاتتىق ئويلانغان ۋە ۋەزىر ـ ئۆلىمالار، ئوردا ئەھلى بىلەن كۆپ قېتىم مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن، بۇ شاھزادىگە تەربىيەنى قوبۇل قىلىشقا ۋە ئەتراپلىق بىلىم سىڭدۈرۈشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدىغان قىزىقارلىق ھەم ئەپچىل بىر ئۇسۇل تېپىلىپتۇ. يەنى بۇ ئۇسۇل ئەينى زاماندىكى نەزەرىيە بىلىملىرىنى ھېكايە ـ چۆچەك شەكلى بىلەن قىزىقارلىق ھەم چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ ئىپادىلەيدىغان رەسىملىك «ئوقۇتۇش كىتابى» تۈزۈش ئىكەن. مۇشۇنداق بىر ئېھتىياج بىلەن قەشقەر، خوتەن، كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان، جىمسارلاردىكى «مىڭئۆي» بىنا قىلىنغانىكەنمىش.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: ئوسمان قاسىم، ئەيسا ماموت؛ توپلىغۇچى: قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە قوغان يېزىسى يۇقارقى قازىرىق كەنتىدىن مىجىت ئوسمان؛ رەتلىگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان)

## قاراخان ۋە ئاقخان

قەشقەرنىڭ شىمالى ۋە غەربىدىكى تاغلارنىڭ

ئاستىدا ئالتۇن بار ئىكەن. ئالتۇن قازغۇچىلار دائىم ئالتۇن قېزىپ، زەرگەرلىك قىلىپ جان باقىدىكەن. ئاقخان بىلەن قاراخاننىڭ زامانىغا كەلگەندە، كىشىلەر ئالتۇن، بايلىق تالىشىپ، توختىماي جەڭگى - جېدەل قىلىپ، ئالەمنى مالەم قىلىپ، كىشىلەرنى ئارامخۇدا تۇرمۇش كەچۈرگىلى قويماپتۇ. كىشىلەر ئۆز پادىشاھلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇرۇش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ، تىنچ ئۆتۈش توغرىلىق مەسلىھەت قىلىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئاقخان بىلەن قاراخان كۆپ قېتىم كۆرۈشۈپ، دوستلۇق ئەھدىنامىسىگە قول قويۇشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ زەرگەر پۇقرالىرى يەنىلا ئالتۇن تالىشىپ، بىر - بىرىگە گۆرەن كۆرسىتىپ، ھەتتا ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى قان قىلىشىپتۇ. ئۇرۇش جەريانىدا مۇبارەك پادىشاھلىرىنىڭ نامىنى خالىغانچە تىلغا ئېلىشىپ، دارتىملاپ تىللاپ، ئۇلارغا ھاقارەت كەلتۈرۈپتۇ. بۇ خەۋەر پادىشاھلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، قارىخان دەرغەزەپكە كەپتۇ ۋە ئاقخانغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئاقخان ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ سەۋرچان بولۇشنى، ئۆزئارا پۇقرالىرىغا نەسىھەت قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ ۋە ئۆز پۇقرالىرىنىڭ قىلغان ئىشى توغرۇلۇق قاراخاندىن كەچۈرۈم سورايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قاراخاننىڭ ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇپتۇ. قاراخان بۇنىڭ بىلەن ئىشنى بولدى قىلماي، ئاشكارا سۆزلىشىپ، ئالتۇن بايلىقنى بۆلۈشۈۋېلىپ باشقۇرۇش توغرۇلۇق مەسلىھەت قىلىشىدىغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ بېرىپتۇ. ئاقخان، ئالتۇنلار يۇرتىمىزدا ھېسابسىز كۆپ تۇرسا، يەتكىنىچە ئىشلىتىپ، ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرساق بولمامدىمۇ دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاكىسى قارىخاننىڭ خۇي - پەيلىنى ئوبدان بىلگەچكە «ماقۇل» دەپ بۆلۈشۈش كېلىشىمگە ئىمزا قويۇپتۇ. قاراخاننىڭ تەلىپى بويىچە، قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلار قاراخانغا، شىمالىدىكى كىچىكرەك ئالتۇن تاغلىرى ئاقخانغا تەۋە بوپتۇ.

قاراخاننىڭ ئادەملىرى ئالتۇن تاغقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، مەلۇم مەزگىل رازى بولۇپ، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇكىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى تاغقا قاراپ، ئىچىدە ھەسەت ئوتى قايناپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاراخان كېچىسى مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ، ئىنىسىنىڭ ئالتۇن كانىدىن ئالتۇنلارنى ئوغرىلاتقۇزۇپتۇ. ئالتۇنلار قاراڭغۇدا پارقىراپ تۇرغاچقا، بىر قېتىم ئوغرىلىق ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ. ئاقخاننىڭ ئادەملىرى تاغنىڭ ئالتۇنلىرى كۆپ، قانچىلىك ئالسا تۈگەپ كەتمەمتى دەپ، ئۇلارغا ئازراق نەسىھەت قىلىپلا قايتۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ ئىش بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي كۆپ قېتىم يۈز بېرىپتۇ. ھەتتا قاراخان بارلىق ئالتۇن قازغۇچىلارغا ئۆز دائىرىسىدىكى ئالتۇنلارنى تېجەپ ئىشلىتىپ ئاقخانغا تەۋە جايدىكى ئالتۇنلارنى كولاپ تۇرۇشنى مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئاقخان بۇنى بىلگەن بولسىمۇ، كەڭ قورساقلىق بىلەن كۆرمىگەنگە ساپتۇ. قاراخاننىڭ ئادەملىرى كۆڭلىدە ئەمدى ئاقخانغا تەۋە تاغدىكى ئالتۇنلار بىزنىڭ بولىدىغان ئوخشايدۇ، بۇنى ھامان بىر كۈنى قازىمىز. ئاقخاننىڭ ئوردىسىدىكى ئالتۇنلارنى ئېلىۋالايلى، دەپ ئوردىغا يۇرۇش قىپتۇ. ئاقخان قول ئاستىدىكىلەرگە ئىشىكنى يوغان ئېچىپ بېرىپ، ئوردىدىكى ئالتۇنلارنىڭ ھەممىنى بېرىشنى ئېيتىپتۇ. قاراخاننىڭ ئادەملىرى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئاقتاغنىڭ ئەتراپىنى دائىرىگە ئېلىپ، ئاقخاننىڭ ئادەملىرىنى ئۇ يەرگە كىرگۈزمەيدىغان بوپتۇ. ئاقخان بۇنىڭغىمۇ ئارتۇق گەپ قىلماپتۇ. قاراخان «ئالتۇن قېزىپ قويىدىغان يەر تاپالمىدۇق، ئاقخان ئوردىنى بىكار قىلىپ بېرىپ تۇرسا» دېگەن تەكلىپنى بەرگەنىكەن، ئاقخان خۇشاللىق بىلەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، ئوردىنى بىكار قىلىپ، بىر پۇقراسىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ چىقىپتۇ.

قاراخان ئەڭ ئاخىرقى ئويىنى ئاشكارىلاپ، ئاقخاننى ئۆزىگە تەۋە جايلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئاقخان بۇنداق قىلسا بولمايدىغانلىقىنى، پۇقرالىرىغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېي-

تىپ، ئاكىسىنىڭ قارارىدىن يېنىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. قاراخان پوپوزا قىپتۇ. ئاقخان ئېتىبارغا ئالماپتۇ. قاراخان قوشۇنلىرىنى ئۇرۇش ھالىتىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئاقخان ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋېرىپتۇ. قاراخان قوشۇنلىرى ئاقخان قوشۇنلىرىنىڭ قاراۋۇللىرىنى ئۇرۇپ، قوغلاشقا باشلاپتۇ. ئاقخان كىچىك بىر كەپە ئۆيدە چېدىر ــ بارگاھ قۇرۇپ ئولتۇرغانىكەن، قاراخان ئۇنى شۇ يەردىنمۇ قوغلىشىۋەتمەكچى بوپتۇ. ئاقخاننىڭ پۇقرالىرى كۆپ خورلۇق تارتىپ، ئارقا ــ ئارقىدىن پادىشاھىغا ئەرز قىلىپ، ئۆز ئېلىنىڭ ئابرويىنى قوغداشنى تەلەپ قىپتۇ. ئاقخان «ئاكام ئۆز دۇنياسىغا تويماي، مېنىڭ تەئەللۇقاتىمغا كۆز تىكتى، بۇلارغىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلىپ، كۆرۈپ كۆزى تويسۇن، ئۆزى ۋە كۆزى تويغاندىن كېيىن قانائەت قىلىپ، ئاچ كۆزلۈك قىلماس، ئۆزىنىڭ بايلىقى بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىپ، قىزغانمايدىغان بولار» دەپ پۇقرالىرىغا تەسەللى بېرىپ قايتۇرماقچى بوپتۇ. پۇقرالارنىڭ ئارىسىدىن بىر ئاقساقال بوۋاي چىقىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېپتۇ ۋە:

ــ ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىم، گەپلىرىڭ پەقەت ئاق كۆڭۈل، ئادىل كىشىلەر ئۈچۈن لازىمدۇر. سەن ۋە سېنىڭ پۇقرالىرىڭ سېنىڭ ساخاۋەتلىك يولۇڭنى تۇتۇپ، باياشات ۋە ئىناق ياشاپ كېلىۋاتاتتۇق، لېكىن، ئېشىمىزغا چۈشتى، زامان ئۆزگەردى. بۇ دۇنيا ئۆكتەملەرنىڭ دۇنياسىغا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. كۆزى تويماسنىڭ قولى تويماس، قارا نىيەت كىشىدىن ياخشىلىقنى كۈتكەلى بولماس، قىزىل كۆز كىشىلەرنىڭ ئالدىغا تاقاق سالمىساق بولمايدۇ. ئەمدى چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى. سەن باش بولۇپ چىقساڭ پۇقرالىرىڭ سېنىمۇ قاراخان بىلەن ئوخشاشلا دۈشمەن دەپ تونۇپ، تېغىدىن ئۆتكۈزىدۇ، ــ دەپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن مۇراجىئەت قىپتۇ. بوۋاينىڭ ئاۋازىغا پۈتۈن يۇرت ئەھلى جور بوپتۇ. ئاقخان دادىسىدىن مەسلىھەت سوراپ، خېلى بۇرۇن ئەلچى ئەۋەتكەنىكەن، ئەلچىلەرمۇ ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ قاراخان بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇنى ئۆز يېرىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ھەققىدىكى يارلىقنى ئېلىپ كەلگەنىكەن. ئەسلىدە، ئۇلۇغ خان قاراخانغا كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلىپ ئاڭلىتالمىغانىكەن. ئاقخان بويىنىنى يېپتا باغلىغاندەك ئىلاجسىزلىق بىلەن لەشكەرلىرىگە جەڭ ھالىتىگە كىرىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئاقخان بىلەن قاراخاننىڭ قوشۇنلىرى رەسمىي سەپ تۈزۈپ جەڭگە ھازىرلىق كۆرۈپتۇ. ئاقخان ئىنىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، ئاكىسىغا مەكتۇپ يوللاپتۇ. ئۇ مەكتۇپتا «قوشۇنلار ئۇرۇش مەيدانىغا كىردى، جەڭ قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدۇ. قان تۆكۈلۈش ياخشى ئىش ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ تېگىشلىك جايىمىزدا تۇرايلى، ئۆز بايلىقىمىزغا ئۆزىمىز ئىگە بولايلى» دېيىلگەنىكەن. قاراخان ئىنىسىنىڭ ئۆزىگە قارشى جەڭگە تەييارلانغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپكە كەلگەن بولۇپ، مەكتۇپنى ئوقۇپمۇ باقماي، يىرتىپ تاشلىۋېتىپتۇ، سۈلھى ــ سالا كارغا كەلمەپتۇ. ئاخىر ئىككى قوشۇن قاتتىق ئۇرۇشۇپ، پۈتۈن ئەل ئۇرۇش، يىغا ــ زار بىلەن تولۇپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاقخان بىلەن قاراخاننىڭ ئۇرۇشى قىرىق يىلغا سوزۇلغانىكەن، ئۇرۇشتا ئاھالە قىرىلىپ، ئېكىنزارلىقلار قاقاسلىققا ئايلىنىپ، شەھەر ــ يېزا خارابىلىككە ئۆزگىرىپ، يۇرت ھالىدىن كېتەيلا دەپ قاپتۇ. ئۇلۇغ خان ۋە ئاقخانلار نەچچە مىڭ قېتىم سۈلھىلىشىش توغرۇلۇق مەسلىھەت بەرگەن بولسىمۇ، قاراخان ئۇرۇش توختىتىشقا زادى قوشۇلماپتۇ. ئاقخاننىڭ قوشۇنلىرى مەردانەلىك بىلەن جەڭ قىلسا، قاراخاننىڭ قوشۇنلىرى ئاسىيلىق قىلىپ، يېڭىلىش كۆپ بولۇپ، ياش يەگىتلەر ئازىيىپ كېتىپتۇ. قاراخان بارلىق قېرى ــ ياش، ئەر ــ ئايال پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇش مەيدانىغا ھازىر قىپتۇ. جەڭ مەيدانىدىن قاچقىنىنى قىرىپ تاشلاپتۇ. ئۇلۇغ خان ئۆز ئوردىسىدىكى ئەلەم ۋە قەلەم ئىگىلىرىنى دىۋانخانىغا جەم قىلىپ پەرمان جاكارلاپتۇ:

— يەتمىش ئەجدادىم، ھالاللىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ، قان - تەر ئاققۇزۇپ كۆپ قۇربان بېرىپ، ئاز يەپ، ئاز كىيىپ ئالتۇن - تىللا يىغقانىكەن. ئۇنى دۆلىتىمنىڭ ئىككى يېنىغا دۆۋىلەپ قويغاندۇق. پەرزەنت ۋە پۇقرالىرىم مەندىن كېيىن قالسا غورىبەتچىلىكتە ئازابلىنىپ قالمىسۇن دەپ، ئۇلارغا ھايات ۋاقتىمدىلا بۇ بايلىقنى مىراس قالدۇرۇپ، كەڭ - كۇشادە بەھرىمەن بولۇشنى نىيەت قىلغانىدىم. ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە ئالتۇنلار بۇلارغا بەخت ئاتا قىلماقتا يوق، ئەجدادلىرىمدىن قالغان مۇبارەك تۇپرىقىمنى قان دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئۇلار مېنىڭ گېپىمنى زادى ئاڭلىمىدى. ئۇرۇشنى توختىتىدىغان ھېچقانداق چارە تاپالمىدىم. ئەمدى، مەن ئاللادىن بۇ ئالتۇن تاغلارنى توپا - تاش تاغقا ئايلاندۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىمەن. ئوردا ئەھلى ئۇلۇغ شاھنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل كۆرۈپ، ھەممىسى شاھقا ئېگىلىپ، ئاللادىن قەشقەرنىڭ تاغلىرىنى توپا - تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئالتۇن تاغلار توپا - تاش تاغلارغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ، كېچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇرغان تاغلار بىردىنلا ئاق توپا ۋە قارا تاشقا ئايلىنىپ، قەشقەر كېچىسىنى تۈن پەردىسىگە ئوراپتۇ. قىيا - چىيا قايناپ كەتكەن ئۇرۇش مەيدانىنى بىردىنلا جىمجىتلىق ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، تۆۋە - ئىستىغپار ھەممە كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىقىشقا باشلاپتۇ. قاراخانىنىڭ لەشكەرلىرى بۇ ئىشنىڭ سىرىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۆزلىكىدىن بىر قارارغا كېلىپ، تىغنى ئارقىغا بۇراپ، ئۆز خانىنىڭ بارگاھىغا باستۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، نەيزىگە سانجىپ ئاقخانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. قاراخانىنىڭ پۇقرالىرى ئاقخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ. ئاقخان دادىسىنى بۇ ھەسرەتلىك پۇشايمان، ئۆكۈنۈش بىلەن تولغان كۆز يەتكۈسىز ئادەملەر توپىغا باشلاپ كېلىپ، پۇقرالارنىڭ دادىنى ئاڭلاشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇلۇغ خان ئۇزاق يىل ئۇرۇش ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان، يۈرەكلىرى لەختە - لەختە بولۇپ، دەرماندىن كەتكەن پۇقرالىرىغا قاراپ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپتۇ. ئۇلۇغ خان ئاخىر ئۈنلۈك ئاۋازدا پۇقرالىرىغا شۇنداق ۋەسىيەت قىپتۇ:

— سىلەرنى خار - زارلىقتا قويغان نەرسە مال - دۇنيا. كىمكى ئۆزى ھالال ئىشلەپ تاپمىغان بايلىققا ئىگە بولىدىكەن، ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلەلمەيدۇ. مەن سىلەرگە شۇنى ۋەسىيەت قىلىمەنكى، ھەرقانداق پۇقرايىم ئۆزى ئىشلەپ ئۆزى بايلىق توپلىسۇن، ئۇنى ھايات ۋاقتىدا قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن سەرپ ئەتسۇن؛ ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە ئىشلەتسۇن؛ مال - دۇنيا ئادەمگەرچىلىك، ئىناقلىقنىڭ ۋاستىسى بولسۇن؛ ئاچ كۆزلۈك، ھەسەت، دۈشمەنلىك، ئىناقسىزلىق مال - دۇنيا ئۈچۈن قىلىنىدىغان ھەرىكەت، سىلەر ئۆز بەختىڭلارنىلا ئويلىماي، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭمۇ بەختىنى ئويلاڭلار. ئەۋلادلىرىڭلارنىڭمۇ رىزقىنى ئويلاڭلار. مەن ئىككى ئوغلۇمغا يۇرت، خەلق، بايلىقىمنى بۆلۈپ بېرىپ، ئىناقسىزلىق، ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئۇرۇقىنى ئۆزۈم تېرىدىغانىكەنمەن. ئەمدى ئورنۇمغا كەنجى ئوغلۇم ئاقخان ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى ۋارىسلىق قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئەجدادلىرىمنىڭ خانلىق تەختىگە ئىككى خان قويۇلمايدۇ. قارانىيەت كىشىلەر تېخىمۇ قويۇلمايدۇ، — دەپتۇ. ئۇلۇغ خان ۋەسىيەت قىلىپ بولۇپ، ئېلىدە تىنچلىق ئەسلىگە كەلگەنلىكىدىن قاتتىق خۇشال بولۇپ، ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ قېلىپ، شۇ كۈنى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، ئۇ دۇنياغا كېتىپتۇ.

ئاقخان پۈتۈن ئەلگە ئۇلۇغ خان بولۇپ، ھالال مېھنەت بىلەن بايلىق يارىتىپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يۇرت سوراپ، ئادىل خان دېگەن نام ئېلىپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە يۇقارقى قازىرىق كەنتىدىن زەينەپ قاسىم، ئوسمان قاسىم؛

خاتىرىلەپ رەتلىگۈچى، رەتلىگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان)

## قاراخان پادىشاھىم ۋە نورۇز

قەشقەر پادىشاھىنىڭ قاراخان دېگەن بىر ئوغ-
لى بولغانىكەن. ئۇ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن
دادىسى ئۇنىڭغا ئوق ئايرىپ بېرىپ، ئادەم باشقۇ-
رۇش ئىشىغا سېلىپ، كۆزىنى پىشۇرۇشنى نىيەت
قىپتۇ ھەمدە قىرىق نەپەر يىگىت، قىرىق نەپەر
قىزنى ئېلىپ قاراڭغۇلۇق تاغ (قاراڭغۇلۇق مەملىكە-
تى) ئېچىگە كىرىپ شۇ يەردىكى يايلاقلاردا تىرىك-
چىلىك قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇنىڭغا يەنە قىرىق تۇ-
ياق ئات، قىرىق تۇياق ئۆكۈز، قىرىق تۇياق تۆگە،
قىرىق تۇياق قوي، قىرىق تۇياق ئۆچكە قوشۇپ
بېرىپتۇ. يەنە بىرقانچىدىن ئىت، مۈشۈك، ئوۋ
بۈركۈتى قاتارلىقلارنى ھەمراھ قىلىپ بېرىپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر يىلى ئوردىغا ئۆلچەم بو-
يىچە باج تاپشۇرۇشنى جېكىملەپتۇ. قاراخان تېخى
ئۆزىنىڭ بىر ئىشقا خام ئىكەنلىكى، ناتونۇش يەر-
گە ئادەم باشلاپ بېرىپ، ئۇلارنى باشقۇرۇپ، ئۆزى-
نىڭ ھەم باشقا ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىيا-
لىشىنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى، تېخى يەنە ئوردىغا
باج - خىراجەت تاپشۇرۇش ئىشىنىڭ بېشىنى قا-
تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، دادىسىغا ناقايىل بولۇپ،
بويىنىدىن باغلىنىدىغاندەك مۇشەققەتلىك سەپەرگە ئات-
لىنىپتۇ. يولدا نۇرغۇن خېيىم - خەتەرگە يولۇ-
قۇپتۇ، دۈشمەنلەرنىڭ كۆپ قېتىملىق توسۇپ ۋە
قوغلاپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپتۇ. شۇنداق بولسى-
مۇ قىرىق ئايلىق جاپالىق سەپەردىن كېيىن،
قاراڭغۇ تاغ ئىچىدىكى قاراكۆل بويىغا يېتىپ كې-
لىپ، شۇ يەرنى ماكان قىلىپ، تىرىكچىلىكنى
باشلاپتۇ. بۇ يەر گۈزەل ئوتلاق بولسىمۇ، بىراق،
دەم بوران چىقىدىغان، دەم قار - شىۋىرغان بولى-
دىغان، گاھىدا قاتتىق سوغۇق، گاھىدا پىژغىرىم
ئىسسىق بولىدىغان، پات - پات قىيان كېلىپ،
سۇلار نەرە تارتىپ ئېقىپ تۇرىدىغان، يات قەبىلى-
لەرنىڭ كاشىلىسىمۇ بولۇپ تۇرىدىغان يەر بولۇپ،
بىرقانچە يىلنى شۇنداق جاپالىق ئۆتكۈزۈپتۇ.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىرقانچە يىل ئۆتۈپتۇ.
قاراخان دادىسىغا ئۆزىنىڭ نىشانىغا يېتىپ كەلگەن-
لىكىدىن خەۋەرمۇ بەرمەپتۇ، باج - خىراجەتنىمۇ
يوللىماپتۇ. ئارىدىن توققۇز يىل ئۆتكەندە، قارا-
خاننىڭ چۈشىگە ئاتا - ئانىسى كىرىپتۇ. ئۇ ئەتىسى
يىگىت بېشىنى باش قىلىپ، ئوردۇكەنتكە خەۋەر-
چىلەرنى ۋە سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ ماڭدۇر-
غاندا، يولنى قورام تاشلار، بولۇق ئۆسكەن ئوت -
چۆپلەر توسۇۋەتكەنمۇ قانداق، زادى يول تېپىلماپ-
تۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئامالسىز ئەھۋالدا قاراكۆل
بويىغا قايتىپ كېتىپ، قاراخانغا بولغان ئەھۋالنى
بايان قىپتۇ. قاراخان كېلىپ، ھېچقانداق يەردىن
يولنى ئىلغا قىلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز
ئەھۋالدا تۇرالغۇسىغا قايتىپ، تىرىكچىلىكنى
داۋام ئەتكۈزۈپتۇ. ئايلار، يىللار ئۆتۈپ، ئارىدىن
قىرىق يىل ئۆتۈپتۇ. قاراخاننىڭ نەۋرىلىرىمۇ بالا-
غەتكە يېتىپتۇ. ئولتۇرۇۋاتقان يېرى كىچىك كې-
لىپ قېلىشقا باشلاپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئوغۇل-
لىرى، نەۋرىلىرى ئۇلۇغ بوۋىسىنى، مومىسىنى،
ئوردۇ كەنتنى سېغىنىشىپ، ئۇلۇغ ئوردىغا قاي-
تىشنى قەغىش قىلىدىغان بولۇۋاپتۇ. قاراخاننىڭمۇ
دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆرۈپ كېلىش ئىشتى-
ياقى بارغانسېرى كۈچىيىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
بارلىق قوۋم ئەزالىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، چوڭ
سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. بۇ يەرگە كەلگەنلەر قىرىق
مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنداق كۆپ
ئادەم بىلەن بىراقلا يولغا چىقىشنىڭ تەس بولىدى-
غانلىقىنى ئويلاپ، ئاخىر ئوتتۇز مىڭ ئادەمنى
قالدۇرۇپ، ئون مىڭ ئادەمنى ئالدىن سەپەرۋەرلىك-
كە كەلتۈرمەكچى بوپتۇ. لېكىن، ئالدىنقى قېتىم-
قىدەك ھېچكىم يولنى بىلەلمەپتۇ، ئۇيان مېڭىپ
بېقىپتۇ، بۇيان مېڭىپ بېقىپتۇ، لېكىن ئېگىز تاغ
چوققىلىرىدىن ھالقىيالماپتۇ. قىرىق كېچە -
كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئامال
بولماپتۇ. سەپەر سورۇقچىلىقىدا تىت - تىت بو-
لۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى قاراخاننىڭ تايغىنى

قاراخاننىڭ تونىنىڭ پېشىگە سۈركىلىپ، ئۇنى ھەدەپ بىر غارسىمان جىرا يولىغا تۈرتۈپتۇ. قاراخان يىگىتلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، تايغان مېڭىۋاتقان قىسىلچاق بىلەن ئاتلىرىنى يېتىلەپ پىيادە يول ئېلىپ، مىڭبىر جاپادا ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەپتۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىپ يەنە توپ ـ توغرا قىرىق كۈن مېڭىپ، ئوچۇقچىلىققا چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، كۆز ئالدىدا سۇلار تەرەپ ـ تەرەپكە ئېقىۋاتقان ئىنتايىن كەڭ يېشىلچىلىق كۆرۈنۈپتۇ. قاراخان بۇ يەردە بىر قانچە كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرماقچى بوپتۇ. قاراخان قاراڭغۇ تاغدىن يېشىلچىلىققا چىققان كۈنى نورۇز كۈنىگە توغرا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، قىرىق كۈن نورۇز قىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە قاراخان قەشقەرگە كەلگەندە، دادىسى ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن، ئوردا پادىشاھسىز قېلىپ، خانىشلار بىلەن ۋەزىرلەر يۇرت سوراپ تۇرغانىكەن. ئۇ قەشقەرگە قايتىپ چوڭ خان بولغاندىن كېيىن، نورۇزنى پۈتۈن دۆلەتنىڭ بايرىمى قىلىپ بېكىتىپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: ئوسمان قاسىم؛ توپلىغۇچى: مەجىت ئوسمان؛ رەتلىگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان)

## جەمشت ۋە نورۇز

زامانى ئەۋۋەلدە جەمشىد دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ شىجائەتلىك، كەڭ قورساق، ناھايىتى بىلىملىك، چارە ـ تەدبىرلىك، ئىقتىدارلىق ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، دۆلەتنى ئەدل ـ ئادالەت بىلەن ئوبدان باشقۇرۇپ، ئاۋامنىڭ ئاغزىغا ئېلىپ سالدۇرۇپ، پۇقرالارغا تۇرلۇك ـ تۈمەن ھۈنەرلەرنى ئۆگىتىپ، تۆمۈرلەرنى ئېرىتىپ، قوراللارنى ياسىتىپ، يىپ ئېگىرگۈزۈپ، كىيىم ـ كېچەكلەرنى توقۇتۇپ، تېرىلەرنى ئەيلەتكۈزۈپ، كەش ـ ئۆتۈكلەرنى تىكتۇرۇپ، ئېكىنچىلىك يەرلىرىنى كېڭەيتىپ، زىرائەتلەرنى كۆپلەپ ئۆستۈرۈپ، باغ بىنا قىلىپ، مېۋىلىك دەرەخ تۇرلىرىنى كۆپەيتىپ، يول ـ كۆۋرۈكلەرنى ئوڭشاپ، ھاممام، ئۆي ـ سارايلارنى بىنا قىلىپ، ئاۋامنى خاتىرجەم قىلىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ھەممە ئادەمنى رازى قىلىپ، پۈتۈن ئەلنى شاد ـ خۇراملىققا چۆمدۈرۈپ، نامى ئون سەككىز مىڭ ئالەمگە مەشھۇر بوپتۇ. كىشىلەر يىراق ـ يىراقلاردىن كېلىپ ئۇنىڭ مەملىكىتىدە ياشىماقنى ئىستەپ، ئامال تېپىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان كۈنلەر بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن ئەل شاد ـ خۇراملىق، مەئىشەتكە تولغان كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى پادىشاھ ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك ئىشلىرىنى خۇداغا ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ مەدەتكە ۋە ئىلتىپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاسمانغا چىقماقچى تەرەددۇت قىپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن كاتتا بىر بىنا ياسىتىپ، ئۇنى چىرايلىق بېزەتكۈزۈپ، ئۆزى تەسەررۇپى ئاستىغا ئالغان مەملىكەتلەردىكى دانىشمەن، سەردارلارنى يىغىپ كېڭەش ئېلىپ بېرىپتۇ. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ۋە كەڭ ئاۋامنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بۇ مۇبارەك ئىشتىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزلىرىنىڭ رازىلىقى بويىچە تۇشمۇتۇشتىن ھەرىكەتكە كېلىپ، قولمۇقول ئىشلىشىپ، ئېگىزلىكى يەتتە گەز، توغرىسىغا توققۇز گەز كېلىدىغان شۇنداق جۇلالىق بىر ئالتۇن تەخت ياسىتىپ، ئۇنىڭغا پادىشاھ جەمشىتنى ئولتۇرغۇزۇپتۇ. بۇ كۈنى دەل نورۇز كۈنى بولۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ، جەمشىتنىڭ ھۆكمى ئۆتىدىغان پۈتۈن ئەلدە نورۇز بايرىمى بولىدىغان ئادەت بارلىققا كەپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە قوغان يېزىسى يۇقىرقى قازىرىق كەنتىدىن ئوسمان قاسىم، ئايشەم ئەخمەت ـــ قۇمۇل شەھىرى؛ توپلىغۇچى: مەجىت ئوسمان، غەيرەتجان ئوسمان)

## سۇتۇق بۇغراخان ۋە نەسىردىن ئەپەندى

سۇتۇق بۇغراخان خانلىق تەختكە چىققاندىن كېيىن، خانلىقنى مۇستەھكەملەش، خانلىق چېگراسىنى كېڭەيتىش، ئالىيىپ قارايدىغان ھەم كۆڭلىگە يامانلىقنى پۈككەن دۈشمەن قوۋملارنىڭ

ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش ئىشى بىلەن نەچچە ئون يىلنى ئۆتكۈزۈپ، ئىنتايىن چارچاپتۇ ھەم مىجەزى چۇسلىشىپ، تېرىككەك بولۇپ قاپتۇ. بۇغراخان ئەسلىدىنلا ئويۇن - تاماشا، نەغمە - ناۋاغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدىكەن، مىجەزىنى تەڭشەشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىكەن. ئۇنىڭ ۋەزىر - ۋۇزۇرالىرى ۋە ئاقىل - دانىشمەنلىرى بۇ خىل ئەھۋالنى ھېس قىلىشسىمۇ، ئۇنىڭغا بىرەر چارە - تەدبىر قوللىنالماي، ئىنتايىن تىت - تىت بولۇشىدىكەن. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈۋېرىپتۇ. بۇغراخاننىڭ مىجەزىدە ئۆزگىرىش بولماقتا يوق، بەلكى تەرسالىقى، ئاچچىقى كۈچىيىۋېرىپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى، سول قول ۋەزىر ئىبراھىم لەشكىرىي خىزمەت بىلەن ئوغۇساققا بېرىپ، بىر بەگنىڭ مېھمىنى بوپتۇ. ئوغۇساق بېگې بۇ مېھماندارچىلىققا باشقا بەگلەردىن سىرت، ھاپىزلار، داستانچىلار، قىزىقچىلار، تەنھەرىكەتچىلەر، قوشاقچىلاردىنمۇ تەكلىپ قىلغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نەسرىدىن ئەپەندىمۇ بار ئىكەن. ئىبراھىم بۇ سورۇندا نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ لەتىپىلىرىنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ ھەم ئەپەندىگە ئوردىغا بېرىپ خان بىلەن كۆرۈشۈپ، قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىپتۇ. ئەپەندى «ئوردىغا بەگ كىرسە چىقالايدۇ، پۇقرا كىرسە چىقالمايدۇ، پۇقرا چىققان تەقدىردىمۇ، ئۆز ئۆيىدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، خىرامان ياشىيالمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى كۆرۈشمەي» دەپ ۋەزىرنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىپتۇ. ئىبراھىم نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئارتۇق گەپ قىلماپتۇ - يۇ، دەرھال مېھماندارچىلىقتىن قايتىپ، ئوردىغا بېرىپ پادىشاھقا بىر يەرگە بېرىپ كېلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپتۇ. بۇغراخان بۇ ۋەزىرگە ئىنتايىن ئىشەنچ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭ بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ماڭا - ماڭا ئۇدۇل نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىشىكنى چەكسە، ئۆيدە ئادەم يوق. قوشنىلاردىن سۈرۈشتۈرسە، قوشنىلىرىدىن بىرسى: ئەپەندى بىر ئاش پىشىم بولدى، تۇل ئانىسىنى ئېشىكىگە مىندۈرۈپ، خۇرجۇننى ئېلىپ، قاپىقىغا سۇ تولدۇرۇپ قاراڭغۇ تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى. ئەمما، قەيەرگە بارىلا دېسەم، شەھەرگە دېدى، بىراق، يولى شەھەرگە ئەمەس، تاغ تەرەپكە ئېلىنىۋاتقاندەك قىلدى. مەن كۆڭلۈمدە: «ئەپەندى ئەزەلدىن يالغان گەپ قىلمايتتى، بۇ قېتىم ئەجەب يالغان سۆزلەۋاتىدىيا» دەپ قالدىم. شۇنداق بولسىمۇ، تاغ تەرەپتە بىرەر نەرسىسىنى ئېلىۋېلىپ، ئاندىن كېيىن ئايلىنىپ شەھەرگە بارسا كېرەك دەپ ئويلاپ، باشقىچە خىيالدا بولماي ئۆيۈمگە كىرىپ كېتىپتىمەن.» دېدى. ئىبراھىم بۇغراخانغا يەنە بىر گەپ قىلىپ، قايىل قىلىپ، تاغ تەرەپكە قاراپ ئاتلىرىنى قامچىلىشىپ، نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ ماڭغان ئىزىنى ئىزلاپ، كوچۇكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىر شۇ ماڭغىنىچە ئەلىياتقۇ بولغاندا ئەپەندىگە يېتىشىۋاپتۇ. ئەپەندى ئىككى يولۇچىنىڭ ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋپسىرىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ كىشىلەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىمىغان ھەمدە ئۆزىنىڭ بىر يالاڭ تۆش ئادەم بولغاندىكىن، يېنىمدا باشقىلارغا يارىغۇدەك ھېچنېمەم يوق بولغاندىن كېيىن، كىممۇ مېنى قورقۇتۇپ، بوزەك قىلار، دەپ ئويلاپ، يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. ۋەزىر پادىشاھنى ئەگەشتۈرۈپ ئەپەندىگە سالام قىلىپ قويۇپ، يانداپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار بىر چاي قاينىغۇدەك يەرگە بارغاندا ئاتلىرىدىن چۈشۈپ بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى يۇيۇشۇپ، ناننى ئېقىن سۇغا چىلاپ يېيىشىپ تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا نەسرىدىن ئەپەندى يېتىپ كېلىپ، ئۇلارغا سالام قىلىپ يولىنى داۋاملاشتۇرماقچى بوپتۇ. ۋەزىر ئىبراھىم ئەپەندىگە:

— ئاقساقال ئاكا، بىز مۇشۇ تەرەپتە بىر ئادەمنى ئىزدەپ كەلگەنىدۇق، ۋاھالەنكى بۇ يەرگە كەلسەك، ئۇ ئادەم ئولتۇرىدىغان ئۆينى تاپالمىدۇق، سىلى بىلسىلە دەپ بەرسىلە، بىلمىسىلە، بىزنىڭ ئۇزۇقىمىز تۈگەپ قالغانىدى، ئۆيىمىزگە قايتىپ

كىتاب نۇر بېكىتى www.nurkitap.com

كېتىشكە ئۇزۇقلۇقىمىز يېتىشمەيدىغاندەك تۇردۇ. سىلىدە ئارتۇق ئۇزۇقلۇق بولسا ياكى سېتىپ بەرسىلە، ياكى ئارىيەت بېرىپ تۇرسىلا.

— بۇ يەردە ئۆي يوق. مېنىڭ ئۆيۈم يۇرتىنىڭ چېتىدە. سىلەر كىمنى ئىزدەيتتىڭلار، — دەپ سوراپتۇ نەسرىدىن ئەپەندى.

— بىز ئىزدىمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتۇق. پەقەت كىشىلەر مۇشۇ يۇرتنىڭ ئەڭ چېتىدە ئولتۇرىدىغان ئادەم دېگەنىدى، — دەپتۇ ۋەزىر.

— ئۇ ئادەمدە نېمە ئىشىڭلار بار ئىدى؟

— بىر گەپ سورىۋالساقلا بولاتتى.

— نېمە گەپ سورايتتىڭلار؟

— مېنىڭ بىر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ پەقەت كۈلمەيدۇ، كۈلسىمۇ قاقاھلاپ كۈلمەي، ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا كۈلۈپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىرەر سەۋەبى ياكى چارىسى بارمىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىر.

— بۇنىڭ سەۋەبى ۋە چارىسىنى مەن سىلەرگە دەپ بېرەلمىگۈدەكمەن، باشقا ئادەم تېپىڭلار، — دەپتۇ ئەپەندى.

— بىز سۈرۈشتە قىلىپ، باشقىلاردىن ئاڭلىساق، مۇشۇ يۇرتنىڭ ئەڭ چېتىدە ئولتۇرىدىغان بىر ئاق ساقال بوۋاي كۆپ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەيدۇ ھەم شۇنداق گەپلەرگە مەنە ئېيتالايدۇ، دېگەنىدى. بۇ يۇرتنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئۆينى ئاران تاپساق، ئۇ ئادەم مۇشۇ تاغ تەرەپكە كېتىپتىكەن، ئىزدەپ كەلسەك، بۇ تەرەپتە سىلىدىن باشقا ئادەمنى ئۇچراتمىدۇق. بىز تۇرۇۋاتقان بۇ يەر تاغ ئېغىزى ئىكەن. بىرقانچە كۈندىن بۇيان ئۇ تەرەپكىمۇ تېخىچە بىرەر ئادەم ئۆتمەپتۇ. شۇڭا، يولىمىزنى توختىتىپ، بۇ يەردە تۇرۇپ، سىلىنىڭ كېلىشلىرىنى كۈتتۇق. ئەمدى سىلىدىن باشقا بۇ يەردە ئادەم بولمىسا، بىزنىڭ سوئالىمىزغا سىلىدىن باشقا يەنە جاۋاب بەرگۈدەك بىرەر ئىنسان چىقماسمۇ؟

— ئوغلۇم، — دەپ گەپ باشلاپتۇ نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ ئانىسى، — دۇنيادا باشقىلاردىن نەرسىسنى ياكى گېپىنى ئايىغان ئادەم ئەڭ بەخت-سىز، ئەڭ نادان ئادەمدۇر. بۇ ئىككى كىشى ھەقىقەتەن ھاجەتمەن ئىكەن. بىز مۇشۇ يەردە بىر دەم ئولتۇرۇپ، بۇلار بىلەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشايلى. سېنىڭ جاۋابىڭ ئۇلارنى قايىل قىلالىسا، ئۇلارمۇ سۆلىغا راۋان بولۇشى مۇمكىن، رازى بولمىسا، يەنە باشقا ئادەملەرنى ئىزدەپ بېقىشقا دالالەت قىلغىن. ئۆرە تۇرۇشۇپ دېيىشكەن گەپنىڭ تۈتامى بولمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ۋەزىر بىر كېگىزنى سېلىپ، بۇغراخاننى بىر تەرەپكە، نەسرىدىن ئەپەندى، ئەپەندىنىڭ ئانىسىنى بىر تەرەپكە، ئۆزى بىر تەرەپتە ئولتۇرۇپ، ئۆزئارا پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار شۇ ئولتۇرغانچە بىر-ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكۈچە پاراڭلىشىپتۇ. نەسرىدىن ئەپەندىم پارىڭى تۈگەي دەپ قالغاندا، ئاندىن باشتا سورالغان سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەلمىساقتىن بۇيان بۇ يۇرتىمىزدا ئەرلەر تويى بولغاندىن كېيىن تېلىقىپ، تولغىنىپ، قاقاھلاپ كۈلمەي كەلگەنىكەن. مۇبادا، تۇيۇقسىز ئاشۇنداق ئىش كۆرۈلۈپ قېلىنسا، ئۇنداق ئادەمنى شەيتان ئۆشنىسىگە چىقىۋېلىپ، يانپېشىنى سىلاپ كۈلدۈرۈۋاتىدۇ، دېگەن گەپ چىقىپ كېتىدىكەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بۇغراخان تولىمۇ مەمنۇنلۇق ھېس قىپتۇ ھەم ئەپەندىنىڭ نام-شەرىپىنى سوراپتۇ. ۋەزىر پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى ئۇقانلىقىدىن ئۆزىنى خوشال ھېسابلاپ، ئۆزىنى ئاشكارىلاپتۇ ھەم بۇغراخانغا نەسرىدىن ئەپەندىمنى، نەسرىدىن ئەپەندىگە سۇتۇق بۇغراخاننى تونۇشتۇرۇپتۇ. بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاڭلاپ، پادىشاھمۇ، نەسرىدىن ئەپەندىمۇ ھەيران بولۇشۇپتۇ.

— نەسرىدىن ئەپەندى، سىلىنىڭ مەملىكىتىمىزدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغانلىقلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىلىمەن. ئەلمىساقتىن بۇيان پۇقرا پادىشاھقا يارىغاندىن كېيىن، ئۇنداق ئادەم ياكى ئەمەلدارلىقتا ئۆستۈرۈلۈشى ياكى يۇرتتىن چىقىپ كېتىشى كېرەك. سىلى ئەمەلنى خالىمايلا. بىراق،

ئەل ـ يۇرتنى باشقۇرىمەن دەپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان چارچىدىم، ھاردىم، تالدىم، ماڭا سىلىدەك ئادەم كېرەك. ۋەتەننى تاشلاپ كەتمىسىلە، ۋەتەن ھەممىدىن مۇقەددەس. ۋەتەن جان دېمەكتۇر، ۋەتەن ئانا دېمەكتۇر. بىراق مەن سىلىنى ئوردىغا ئېلىپ كەتمەي، باياشاتمۇ قىلىۋەتمەي، سىلى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، جانلىرىنى جان ئەتسىلە، مەن گەپ سېغىنغاندا، چارچاپ، زېرىكىشلىك ھېس قىلغاندا، ھارغىنلىق يەتكەندە مۇشۇ يەرگە ئۆزۈم كېلىپ، سىلى بىلەن گەپلىشەي، قانغۇچە مۇڭدىشاي، قىزىق گەپلىرىنى، لەتىپىلىرىنى ئاڭلاي. مۇبادا كاللىلىرىدىن ئۆتۈپ، رازى بولسىلا ئائىلىرىنى ئېلىپ ئوردىغا بېرىپ مېھمان بولۇپ كەلسىلە. شۇنىڭ بىلەن بىللە ماقۇل كۆرسىلە، ئائىلىرى بىلەن سىلىنىڭ تۇرمۇشلىرىغا كېرەكلىك ئازدۇر ـ كۆپتۇر لازىمەتلىكلەرنى ئوردىدىن يەتكۈزۈپ بېرەيلى.

نەسرىدىن ئەپەندى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مېھرىبانلىقى ۋە دانىشمەنلىكىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپتۇ. بىراق «مەن پەقەت سىلىنىڭ بىرلا تەلەپلىرىنى ئورۇنلىيالايمەن، شۇنىڭغا ماقۇل دېسىلە، گەپلىرىنى ئاڭلايمەن، بولمىسا، يولۇمنى داۋاملاشتۇرىمەن» دەپتۇ.

— گەپلىرىنى چۈشەندىم. مەن پەقەت ھەر پەسىلدە سىلىنىڭ ئۆيلىرىگە بىر قېتىمدىن قۇرۇق قول كېلىپ، لەتىپىلىرىنى ئاڭلاپ كېتەي. بۇ بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنىڭ ئەھدى بولسۇن.

سۇتۇق بۇغراخان نەسرىدىن ئەپەندى بىلەن تونۇشقاندىن باشلاپ، چېھرىدە كۈلكە ئالامەتلىرى قايتا جىلۋىلىنىشكە باشلاپتۇ. تەرسالىقىمۇ بارا ـ بارا يۇمشاشقا قاراپ يۈزلىنىپتۇ. تېخىمۇ تەمكىنلىشىپ، تېخىمۇ بەردەم ھالدا شاھلىق خىزمىتىنى داۋام ئەتكۈزۈپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېيىنكى كۈنلەردە نەسرىدىن ئەپەندى ئائىلىسىنى ئېلىپ ئوردىغا توققۇز قېتىم مېھمانغا كېلىپ ـ كېتىپتۇدەكمىش. بىراق، ئوردا داستىخىنىدا ئولتۇرماي، يان ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قاپىقىدىكى سۈيىنى ئىچىپ، باغلىقىدىكى زاغرىسىنى يەپ ئولتۇرارىمىش. سۇتۇق بۇغراخانمۇ نەسرىدىن ئەپەندى كەلسە پەقەت كايىماي، ئەپەندىنىڭ رايىغا باققانىمىش. ئەمما، نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ ئوردىغا كېلىپ ـ كېتىدىغانلىقىنى ۋەزىردىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەسىمىش.

سۇتۇق بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن كىشىلەر نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ھەيران ـ ھەس قېلىشقان ۋە بۇ گەپ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا يەتكۈزۈلۈپ، بۈگۈنكى كۈنگىچە يېتىپ كەلگەنىمىش.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: ئوسمان قاسىم، ئەيسا مامۇت؛ توپلىغۇچى: قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە قوغان يېزىسى يۇقارقى قازىرىق كەنتىدىن مىجىت ئوسمان؛ خاتىرىلىگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان)

## كۆنچى يىگىت نۇر ئېلى

ئاقخان ۋە قاراخاننىڭ زامانىسىدا قارا شەھەردە ئەمەت دېگەن بىر پادىچى بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ يېشى خېلى چوڭ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن پەرزەنتى يوق ئىكەن. ئۇ يىغلاپ ـ قاقشاپ، ئاللاغا كۆپ يالۋۇرۇپ، يېلىنغانىكەن، خوتۇنى ھامىلىدار بولۇپ، ۋاقىت ـ قەرەلى توشۇپ تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭغا نۇر ئېلى دەپ ئات قويۇپتۇ. بوۋاي نۇر ئېلىنى يەتتە يېشىدىن باشلاپ قوي باققىلى چىقىرىپتۇ. نۇر ئېلى توققۇز ياشقا كىرىپتۇ، ئەمەت بوۋاي خوتۇنى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئوغلىغا بىر ھۈنەر ئۆگىتىشنى ئويلىشىپتۇ. ئۇلار ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ بىرەر لايىق ھۈنەرۋەننى تاپالماپتۇ، بەزى ھۈنەرۋەنلەرنى تاپسا ئۇلار نامرات بوۋاينىڭ بالىسىغا ھۈنەر ئۆگىتىپ قويۇشنى خالىماپتۇ. ئەمەت بوۋاي بىر كۈنى توختى ئاخۇن دېگەن بىر كۆنچى بوۋاينىڭ شاگىرتى يوق ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، نۇر ئېلىنى ئەگەشتۈرۈپ، شۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپتۇ. توختى ئاخۇن نۇر ئېلىگە ھۈنەر ئۆگىتىپ قويۇش-

تا بىر شەرت بارلىقىنى، شۇ شەرتنى ئادا قىلالى-
سىلا ھۈنىرىنى ئۆگىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئە-
مەت بوۋاي ۋە نۇر ئېلى بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ.

ئەسلىدە كۆنچىلىك ھۈنەرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ
پاسكىنا ھۈنەر بولۇپ، ئادەتتە كىشىلەر بۇ ھۈنەرنى
ئاسانلىقچە ئۆگەنمەيدىكەن. تېرىلەرنى ئاشلىغاندا،
كۆپ مىقداردا سېسىق سۇ چىقىدىغان بولغاچقا، بۇ
يۇندىلار ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيىنى بۇلغىۋې-
تىپ، يۇرتداشلارنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چى-
قىرىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، توختى ئاخۇن
بوۋاي، يۇرت - مەھەللىدىن خېلى يىراق بىر جايدا
دۇكان قۇرۇپ، يوشۇرۇن ھۈنەر قىلىدىكەن. شۇنىڭ
بىلەن بىللە بەكمۇ قېلىن ئەلگەكتە ھەر كۈنلىك-
دىكى يۇندىلارنى ئېرىغداپ، سۈزۈپ، پاكىزە سۈنى
دەرياغا قويۇپ بېرىدىكەن، چىقىندىلارنى قىغ قى-
لىدىكەن.

نۇر ئېلى ئۇستازىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەمدە بو-
لۇپ، كېچە - كۈندۈز تىنىم تاپماي ئىشلەپ، ھۈ-
نەرنى پات پۇرسەتتە ئىگىلىۋاپتۇ ھەم ئۇستازىنىڭ-
كىدىنمۇ قېلىن ئەلگەك ياساپ، يۇندىلارنى بەكمۇ
پاكىزە ئېرىغداپ چىقىرىپتۇ. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى
كۆپىيىپ، كۆنچىلىكى بەك روناق تېپىپتۇ. بۇ
ئىش ئۈچۈن كۆپ سۇ كېتىدىكەن. شۇڭا، ئۇ ئاي-
رىم بىر ئۆستەڭ قېزىپ، ئۇنىڭ سۈيىنى كۆنچى-
لىك ھۈنىرىگە ئىشلىتىپتۇ. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى
ئاساسەن تېرە ئاشلاشقا ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ،
لېكىن نۇر ئېلى سۈنى بەك پاكىزلاپ، ئاياغ تەرەپ-
كە قويۇپ بېرىدىغان بولغاچقا، بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈ-
يى نۇر ئېلىلەرنىڭ دۇكىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدى-
كىگە قارىغاندا ناھايىتى سۈزۈك، كۆپكۆك ئېقىپ
تۇرىدىكەن. بۇنى كۆرگەن يۇرتداشلار نۇر ئېلىغا
ئاپىرىن ئېيتىپ، ئۆستەڭنىڭ ئاياغ تەرىپىگە تې-
خىمۇ زىچ ماكانلىشىپ، ئېكىنچىلىك بىلەن شۇ-
غۇللىنىپتۇ. نۇر ئېلى قازدۇرغان دەريا كىشىلەرگە
كۆپ پايدا يەتكۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ كۆنچىلىك كەسپىمۇ
راۋاجلىنىپ، ئالتە شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ. شۇ-
نىڭدىن كېيىن بۇ دەريا «كۆنچى دەرياسى» دەپ ئا-
تالغانىمىش.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى
قوغان يېزىسى يۇقىرىقى قازىرىق كەنتىدىن نىياز رېھىم؛
خېجىلىك ناھىيىسى ئەرمۇدۇن يېزىسى. توپلىغۇچى:غەيرەت-
جان ئوسمان)

## پاتىگۈل ۋە ئۇنىڭ سۇمبۇل چېچى

كاشغەردە بۇغراخانلار جاھان سوراپ يۈرگەن
كۈنلەردە بەشكېرەمنىڭ تۇتۇرگە دېگەن كەنتىدە
يولۋاس بىلەن ئاسمىخان دېگەن بىر جۈپ ئەر -
خوتۇن دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك قىلىپ جېنى-
نى جان ئېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ بەش قىزى بولۇپ،
بۇ قىزلار ئائىلە ئىشلىرىغىلا ياردەملىشىپ، ئې-
تىز - ئېرىق ۋە بازاردىكى ئېلىم - بېرىم ئىشلى-
رىغا قارىشىپ بېرەلمەيدىكەن. دادىسىمۇ قىزلىرىنى
سىلىق، يۇمران چوڭ قىلىش ئۈچۈن، قاتتىق - يې-
رىك ئىشلارغا ئانچە سالمايدىكەن. شۇنداق بولغاچ-
قىمىكىن، يولۋاسنىڭ تۇرمۇشى غورىگىل ئۆتۈپتۇ.
ئەمما ئەر - ئايال قىزلىرىنى ھويلا - ئاران، باغ-
لىرىدىلا ھەرىكەت قىلدۇرۇپ، ئىشچان، پاكىز،
شەرم - ھايالىق قىلىپ چوڭ قىپتۇ. بۇ قىزلارنىڭ
ئەخلاقلىق، چىرايلىق، ئېسىل سۈپەتلىرى يېقىن
- يىراققا تارقىلىپ، ئۇلار بويىغا يەتكەنسېرى
تۇشمۇتۇشتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. ئەمما
يولۋاسنىڭ ئۆي بىساتى ئاددىي، قولى قىسقا بول-
غاچقا، قۇدىلارنىڭ ئالدىغا ئوبدان چىقالماي قې-
لىپ، يېنىشىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، ئەلچىلەر
ئىشىكتىلا ئۇزىتىلىپ، توي ئىشى كەينىگە سۈرۈ-
لۈپ كېتىپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر باي
يولۋاسنىڭ چوڭ قىزى پاتىگۈلنى توقاللىققا ئال-
ماقچى بولۇپ، يولۋاسنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي
ئەلچىلەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئەۋەتىپ، تويلۇقنى-
مۇ ئوبدان سېلىپ، يۇرت ئاقساقاللىرىنى ئارىغا
سېلىپ، تارتىشقىلاپ دېگەندەك پاتىگۈلنى ئېلىپ
كېتىپتۇ. ئامالسىز قالغان پاتىگۈل ئاتا - ئانىسى
ۋە سىڭىللىرىنىڭ كەلگۈسى بەختى ئۈچۈن ئەخ-
تەمباي بىلەن ئۆي تۇتۇپ بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆ-

روپتۇ. بۇ ئوغۇل يەتتە ياشقا كىرگەندە ئەختەمباي كاتتا سۈننەت تويى ئۆتكۈزۈپ هەم يۇرتداشلارغا خوشلىشىش چېيى بېرىپ، پاتىگۈلنى ئېلىپ، ئوغلىنى چوڭ خوتۇنىغا قالدۇرۇپ هەرەمگە يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار هەرەمگە بېرىپ هەج - تاۋاپ قىلىش ئارىلىقىدا قاراقچىلارغا ئۇچراپ مال - مۈلكى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغاندىن باشقا ئەختەمبايمۇ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. قارا نىيەتلەر پاتىگۈلگە پوخورلۇق قىلىپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى كېسىۋېتىپتۇ. بەختىگە يارىشا پاتىگۈل ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ هىمايىسىگە ئېرىشىپ مەككىدە تۇرۇپ قاپتۇ هەم شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر يۇرتداش ئادەم پاتىگۈلنى باللىرىنى باقتۇرۇش ئۈچۈن ئۆيىدە ئېلىپ قاپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. پاتىگۈلنىڭ ئېسىدىن مېهرىبان ئاتا - ئانىسى، سۆيۈملۈك ئوغلى، ئەزىز ۋەتىنى زادى نېرى بولماپتۇ. ئىشتىن بوشىغان هامان يۇرتىغا قاراپ زار - زار يىغلاپ، سېغىنىشىنى ئىپادىلەپتۇ. ئەمما يول يىراق، قولىدا پۇل يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاجىز - مېيىپ خوتۇن كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇرتىغا قايتىشقا هېچقانداق يول ۋە مۇمكىنچىلىك تاپالماپتۇ. جاپالىق ئەمگەك ۋە روهىي ئازاب پاتىگۈلنى تېزلا قېرىتىپ، بەللىرىنى مۈكچەيتىپتۇ، هەتتا كېيىنكى كۈنلەردە، كوچىغا چىقىپ قاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى بەشكېرەمدىن هەجگە بارغان يۇرتلۇقلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلسا، ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئوغلىنىڭ لەشكەرلىككە تۇتۇلۇپ كەلمىگەنلىك خەۋىرىگە ئېرىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ قايتالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن پاتىگۈل ئىككى تال سۇمبۇل چېچىنى تۈۋىدىن كېسىپ بىر خالتىغا سېلىپ، يۇرتداشلىرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنى ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ ئايىغىغا كۆمۈپ قويۇشنى هاۋالە قىپتۇ. يۇرتداشلىرىدىن بىرسى:

— جىمىكى مۇسۇلمان ئەهلى هەج قىلىشنى پەرز دەپ بىلگەندىن باشقا، مەككە - مەدىنىدە ئۆلۈپ كېتىپ، رەسۇلۇللانىڭ ئايىغىدا يېتىشنى ئۆمرىدىكى ئەڭ خاسىيەتلىك، ساۋابلىق ئىش دەپ قارايدىغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلى رەسۇلۇللانىڭ يۇرتىدا قىرىق يىل ياشاپ، مۇشۇ يەردە يەرلىكتە يېتىشقا تامامەن هەقلىق بولغان ئادەم تۇرۇقلۇق، قانداقسىگە ئەرزىمەس چاچلىرىنى يەنە يۇرتقا يولغا سېلىشقا رايىلىرى باردۇ، — دەپتۇ. پاتىگۈل جاۋابەن:

— ئىنسان ئۈچۈن يۇرت - ۋەتەن، ئاتا - ئانا يەنىلا هەممىدىن ئۇلۇغ ئىكەن. مەن بۇ يەردە ياشاش جەريانىدا بۇنى بەكلا چۈشىنىپ يەتتىم. ئەسلى ئۆزۈم چوقۇم قايتىپ كېتىپ، يۇرتۇمدا، ئاتا - ئانامنىڭ قەبرىسىنىڭ ئايىغىدا يېتىشنى نىيەت قىلغان بولساممۇ، لېكىن تەقدىر بۇنىڭغا ئىمكانىيەت بەرمىدى. جىسمىم ياكى تېنىم ۋەتەنگە كېتەلمىگەن ئەهۋالدا، ئىككى تال ئۆرۈمە چېچىمنى ۋەتەنگە يولغا سېلىش مېنىڭ يۇرتۇم ۋە ئاتا - ئانام ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ قەرزىمدۇر، پەرز بىلەن قەرز تەڭپۇڭلاشمىسا، ئىنساننىڭ قىممىتى نامايان بولمايدىكەن، — دەپتۇ.

بەشكېرەملىكلەر ئۆزىنىڭ يۇرتىدىن چىققان جاسارەتلىك، يۇرتسۆيەر ئايالنىڭ بۇ خىل روهىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئىزهارلىرىنى قىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يېتەرلىك خىراجىتىنى جەم قىلىپ بېرىپ هەم بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ بىر جۈپ سۇمبۇل چېچىنى ئېلىپ يۇرتىغا ئېلىپ كېلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلىپ قويۇپتۇ. بۇ خەۋەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، قۇلاقتىن - قۇلاققا ئۆتۈپ، بۇغراخاننىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. پادىشاھ پاتىگۈلنىڭ يۇرتىنى هەممىدىن چوڭ بىلگەن خىسلىتىنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوردىنىڭ ئاغىچىسى مەرتىۋىسىنى بېرىپتۇ هەم ئۇنىڭ چېچى دەپنە قىلىنغان قەبرىنى ئالاهىدە ياساتقۇزۇپ، ئۇنىڭغا قاراشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، ئەبەدىيلىك ۋەخپىلىك يەر ئايرىپ

بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ پاتىگۈلنىڭ چېچى دەپنە قىلىنغان مازار «ئاغچىخېنىم مازىرى» دەپ ئاتىلىپ، زامانلاردىن ـ زامانلارغا كىشىلەرنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان جايى بولۇپ قاپتۇمىش. بۇ مازار تۇتۇرگىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، ئارىدىن بەش يۈز يىل ئۆتكەندە، چاقماق دەرياسىغا كەلكۈن كېلىشى بىلەن ئېقىتىپ كېتىلگەن بولسىمۇ، يۇرتداشلار بۇ مازارنىڭ ئىزىغا كېلىپ، دۇئا ـ تەكبىر قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، تۇتۇرگىدىكىلەر ئارىسىدا ھەجگە بارغاندا ئۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇپ قالماسلىق ھەم ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىشنى ساۋابلىق ئىش دەپ قارايدىغان ئەقىدىنى چوڭ بىلمەيدىغان ئادەت شەكىللەنگەنىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: ئوسمان قاسىم؛ توپلىغۇچى: غەيرەتجان ئوسمان)

## قۇتبىدىن ئەلاغوجام ۋە نىياز چېچى

قەدىمدىن بېرى قەشقەرلىكلەر پەرزەنتلىرىدىنىڭ كۆپ بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن ھەم بالىسى كۆپ كىشىلەرنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدىكەن. بىراق «سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق، ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق» دېگەندەك كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە، ھەرخىل پېشكەللىكلەر، يەنى ئاچارچىلىق، ئاغرىق ـ سىزلاق، سۇ، ئوت ئاپىتى، يېغىلىقلار تۈپەيلىدىن بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالسا، بەزى ئاياللار تۇغماسلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقتىن بالا دىدارىغا قانمايدىكەن. بەزى ھاجەتمەن ئاياللار تەقۋادار ئاياللارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بۆشۈك ئانام مازىرى، بۇۋى ئانام مازىرى، دەقيانۇس مازىرى، قاراخان پادىشاھىم مازىرى، سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، قۇتبىدىن ئەلا غوجام مازىرى، ئارسلان خېنىم مازىرى، قۇتبىدىن ئەلا غوجام مازىرى، ئوسمان بۇغراغان مازىرى، ئاپپاق غوجام مازىرى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، يۈزىنى توپىغا سۈۋاپ، كۆزىنى يۇمۇپ، قولىنى بەلگىلەنگەن جايغا تىقىپ، قولىغا نېمە چىقسا شۇنى ئاغزىغا سېلىپ يېيىش ئارقىلىق ئاللادىن پەرزەنت تىلىشىدىكەن. بەزىدە ئۇلار بىرەر بالا يۈزى كۆرۈپ قالسا، پەرزەنتكە ئاللا بەردى، خۇدا بەردى، ئىگەم بەردى، سېتىۋالدى، تىلىۋالدى، سورىۋالدى، تۇراخۇن، تۇرۇپئاخۇن، تۇردى، تۇرغۇن، تۇرسۇن، تۇرنىساخان ـ تۇنىساخان، تۇخان ـ تۇرخان قاتارلىق ئىسىملاردىن بىرەرىنى قويۇش ئارقىلىق تەڭرىدىن پەرزەنتلىرىنىڭ تۇرۇپ قېلىشىنى تەلەپ قىلىشقان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇغۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خىلمۇخىل ئەم ـ ئىرىملارنى قىلىشقان. مەسىلەن: بالىلىق ئاياللارنى تۇغۇت ئانىسى قىلىش، ئۈچ كۈنگىچە بالىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى قوشنىلاردىن مەخپىي تۇتۇش، يەتتە كۈنگىچە ئۆتنە ـ يېرىم قىلىپ كىرگەنلەرگە ئۆزرە ئېيتىپ، نەرسە بېرىپ تۇرماسلىق، تۇغماس، بالىسى تۇرمىغان ئاياللارنىڭ تۇغۇتلۇق ئۆيگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلماسلىق، قىرىق كۈنگىچە بوۋاقنى تالا ـ تۈزگە ئېلىپ چىقماسلىق، قىرىق كۈنگىچە بوۋاقنىڭ بويىنىغا، قولتۇقىغا، پوسمىسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە، چاپىنىنىڭ دولىسىغا، بۆشۈكنىڭ تۇتقۇچىغا كۆز تۇمار، تىلتۇمار، كۆز مۇنچاق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېسىپ قويۇش، قۇراق چاپان (قىرىق خىل لاتا بىلەن قۇراشتۇرغان چاپان) كىيدۈرۈش، دىمىدە ئىچۈرۈش قاتارلىقلار.

سۇتۇق بۇغراخان جاھان سوراپ تۇرغان يىللاردا كىشىلەر قانداق قىلغاندا پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بولۇشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بېرىشنى سوراپ قۇتبىدىن ئەلاغوجامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ.

قۇتبىدىن ئەلاغوجام چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن: «بۇ ئىشنى مەنمۇ ئەزەلدىن ئويلاپ كەلگەنىدىم. بۇنىڭغا ئاللا تەرىپىدىن ئوبدان بېشارەت كەلگەنىدى. بۇنى ئەمدى ئاۋام خەلققە بىلدۈرىدىغان ۋاقىت كەلدى. ئۇ بولسىمۇ، يېڭى تۇغۇلغان بالىلارغا نىياز چېچى قويۇش قائىدىسىدۇر. نىياز دېگەنلىك ـــ يالۋۇرماق دېگەنلىك. بۇ ئاللادىن تىلەپ تاپقانلىقنىڭ نىشانىسى سۈپىتىدە ئوغۇل پەر-

زەنتلەرنىڭ بېشىنىڭ ئارقا دوقمىسىغا نىياز چېچى (خەلق ئارىسىدا «سېكىلەك»مۇ دېيىلىدۇ) قويۇپ، ئۈچ تاسماق ئايرىپ، بىر تال قىلىپ ئۆرۈپ قويۇش كېرەك، ئۇنى يەتتە ياشقا كىرگەندە رەسمىيەت ئارقىلىق چۈشۈرۈۋېتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا پەرزەنتلەرنىڭ بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ» دەپتۇ.

كىشىلەر يەنە: «نىياز چېچىنى قانداق رەسمىيەت بىلەن كىملەرگە چۈشۈرتىمىز؟» دەپ سورىغانىكەن، قۇتبىدىن ئەلاخوجام: «بۇغراخانلارنىڭ قەبرىستانلىقىدا كىشىلەرگە نەزىر بېرىلىدىغان داش قازانلارغا ئوتۇن يېرىپ، ئوت قالىغۇچىلار، داس يۇيۇپ، سۇ توشۇغۇچىلار كېچە - كۈندۈز تىنىم تاپماي ئىشلەپ، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ، گۇناھىدىن پاك بولۇپ ئاللاغا يېقىن كىشىلەردىن بولۇپ قالىدى. مۇشۇ مۆمىن مۇسۇلمانلار ئىمانى كامىل كىشىلەردۇر. ئۇلار نىياز چېچىنى چۈشۈرۈشكە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ. سىلەر نىياز چېچى قويۇلغان پەرزەنتلىرىڭلارنى يەتتە ياشقا كىرگۈزۈپ، بىرەر جانلىق ياكى قوي - كالا، تاپالمىغىنىڭلار توخۇ، كەپتەرنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئاشلىق، تۇز - ئوتۇنلارنى قوشۇپ بۇغراخانلار قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىپ، شەيخ - مۇلازىملارغا سەدىقە قىلىپ، ئۇلارغا تەلپىڭلارنى ئېيتىڭلار. ئۇلار بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاپ سىلەرنى ۋە ئاللانى رازى قىلىدۇ» دەپتۇ.

ئوغۇل باللارغا نىياز چېچى قويدۇرۇپ ئارزۇلاپ بېقىش ۋە چېچىنى يەتتە ياشقا كىرگۈزۈپ قۇتبىدىن ئەلاغوجامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بۇغراخانلار قەبرىستانلىقىدا مۇلازىملىق قىلىدىغان شەيخ - مۇلازىملارغا چۈشۈرتۈش ئادىتى مانا مۇشۇنىڭدىن قالغانىكەن.

كېيىنچە، كىشىلەر نىياز چېچى قويۇش ۋە نىياز چېچىنى بۇغراخانلار قەبرىستانلىقىنىڭ مۇلازىم - شەيخلىرىگە قەرەللىك يوسۇندا ياساتتۇرۇپ ۋە ئالدۇرۇپ تۇرۇشنىڭ مۇنداق پايدىسى بارلىقىنى ھېس قىلىشقانىكەن: بىرىنچىدىن، بەزى ئادەملەر باللىرى تۇغۇلسا، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چېچىنى ۋاقتى - قەرەلىدە چۈشۈرتكۈزمەي، بوۋاقلارنىڭ چاچلىرى ئۆسۈپ كېتىپ، باللارنىڭ قوۋۇتىنى تارتىپ كەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بوۋاقلارنىڭ پاكىزلىقىغا ۋە تازىلىقىغا تەسىر يەتكەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بوۋاق - ئۆسمۈرلەرنىڭ چېچىنى نائۇستا ساتىراشلارغا ئالدۇرۇپ، بەزى كېلىشمەسلىكلەر كېلىپ چىققان؛ ئۈچىنچىدىن، كىشىلەر باللارنىڭ چېچىنى ئالدۇردىمىز دەپ بۇغراخانلار قەبرىستانلىقلىرىنى، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ مازارلىرىنى قەرەللىك يوقلاپ تۇرۇشقا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلغان، بۇنىڭ بىلەن بىلەن ئۆسمۈرلەر - باللارنى كىچىكىدىن مازار تاۋابىتى ئادىتى بىلەن تەربىيەلەشكە پايدىسى بولغان.

(ئېيتىپ بەرگۈچى:قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە قوغان يېزىسى يوقارقى قازىرىق كەنتىدىن ئوسمان قاسىم؛ توپلاپ رەتلىگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان)

## قاراخان ۋە بادام دوپپا

قەدىمكى زاماندا قەشقەردە قاراخان دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. دەقيانۇس قاراخان پادشاھ ئادالەت بىلەن جاھان سورىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر خاتىرجەم، تىنچ - ئامان تۇرمۇشنى ئۆتكۈزۈدىكەن. يىللار، ئايلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ، بارچە خالايىق ئۆز ئىش - ئوقەتلىرىدىن مەمنۇن بولۇشۇپ، ئىش - ئوقەتتىن يانغاندىن كېيىن، ئويۇن - تاماشامۇ ئەۋجىگە چىقىپتۇ. كەيىپ - ساپا ئىشلىرىمۇ كۆپىيىپ قاپتۇ. پادشاھنىڭ دانىشمەنلىرى پادشاھقا «خۇشاللىق كۆپ بولۇپ، ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، بىر كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا، شەھەرنى كېڭەيتىش قورۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ ئاۋام - پۇقرانى مېھنەت بىلەنمۇ شۇغۇللاندۇرۇپ تۇرۇشقا پەرمان بېرىلسە» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

پادشاھ تەكلىپنى ئورۇنلۇق دەپ قاراپ، مۇۋاپىق بىر پەيتنى تېپىپ، پۇقرالارنى ئەمگەك قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا، خالايىق ئارىسىدا ئارازلىق، غوۋغا كېلىپ چىقىپتۇ. بىراۋلار

ئەمگەككە قارشى چىقىپتۇ. بىراۋلار قوللاش تەرەپدارى بوپتۇ. ئاخىر ئەمگەك قىلىشنى خالىمىغانلارنى شەھەرنىڭ بىر تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئەمگەك قىلىشنى خالايدىغانلارنى ئېلىپ، شەھەرنى كېڭەيتىش ئىشىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ. بۇ ئەمگەك قىرىق يىل داۋاملىشىپتۇ. قىرىق يىلدىن كېيىن، پادىشاھ ھۇزۇنلار بېغىغا كېلىپ، تەكشۈرۈپ كۆرسە، ئۇ يەردە بىر قانچە ئادەمدىن باشقا ئادەم يوق ئىمىش. پادىشاھ ئۇلاردىن باشقا ئادەملەرنى سۈرۈشتە قىلسا، ئۇلارنىڭ ۋابا كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. سالامەت تۇرۇۋاتقانلاردىن:

— سىلەر نېمە ئۈچۈن ساق قالدىڭلار؟ — دەپ سورىغانىكەن:

— بىز ۋابادىن قورقۇپ جاڭگالغا قېچىپ كەتكەن، قورسىقىمىز ئېچىپ كېتىپ، بىر خىل مېۋىنىڭ مېغىزىنى يەپ بىر قانچە زامانىنى ئۆتكۈزدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىزگە كېسەل تېگىش قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز شۇ خىل مېۋىنىڭ ئۇرۇقچىسىنى ئۆز بېغىمىزغا تېرىپ ئۆستۈرۈپ، شۇنى يەپ، جان ساقلاپ كەلدۇق، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئاتاساغۇن، ئەمچى - دانىشمەنلەرگە، بۇ مېۋىنى يەپ كۆرۈڭلار، دېگەنىكەن، ئەمچىلەر، بۇ بادام دەيدىغان مېۋە ئىكەن، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ «ھۇزۇنلار ئۆلۈپ تۈگەپتۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىشچانلار بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپىيىپتۇ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز يۇرتىغا قايتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇزۇنلارنىڭ تۇرار جايى بىكار قىلىنىپتۇ. ئۇ يەرگىمۇ ماكانلاشمىسا بولمايدۇ. ئادەم كەلگەنىكەن، ئۇلارغا ۋابا كېسىلى يۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا چارە قوللانمىسا بولمايدۇ» دەپتۇ.

ئاتاساغۇنلار «بادامنىڭ مېغىزىنى يەپ ساقىيىپ قالغانلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە ئاساسەن، شەھەرگە قايتىدىغانلارغا بادام مېغىزى تارقىتىپ بېرەيلى، ئۇلار قەرەللىك يوسۇندا بادام يەپ تۇرۇشنى جېكىلەيلى، بادامنىڭ شەكلىنى دوپپىغا كەشتىلەپ، كىشىلەرگە دوپپا كىيىشنى تاپىلاپ تۇرساق، ھەر قېتىم سىرتقا چىقماق بولۇپ، دوپپا كىيگەندە، بادام مېغىزىنى يېيىش ئويىغا كېلىدۇ. بۇ ئەڭ ئوبدان چارە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپتۇ.

پادىشاھقا بۇ مەسلىھەت بەكلا ياراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرمان ئېلان قىلىنىپ، بارلىق ئاۋامنىڭ بادام گۈللۈك دوپپا كىيىپ يۈرۈشىنى، بۇنىڭ بىلەن بىللە بادامنى قەرەللىك يەپ تۇرۇشنى تۇزۇملەشتۈرۈپتۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن، بۇ ئادەت تەكلىماكان بويىدا زامان - زامانلاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: ئېلى قاسىم، ئوسمان قاسىم؛ توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: مىجىت ئوسمان، غەيرەتجان ئوسمان)

(توپلاپ رەتلىگۈچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



# قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىن تاللانمىلار

توپلاپ رەتلىگۈچى: يەھيا سادىق

يارىم ياتىدۇ يالغۇز
گۈلنىڭ تۈۋىدە نەمدە.
مۇڭداشقىلى يارى يوق،
ئۇخلاپ قالىدۇ غەمدە.

چىلان كۆتىكى نەدە؟
چىلان كولىغان يەردە.
بىزنىڭ قارا كۆز نەدە؟
كۆڭلى خالىغان يەردە.

ئىشىك ئاچتىم، تۆرگە باقتىم،
تۆردە بىر ئاي ئولتۇرار.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
كۆزلىرى ئويناپ تۇرار.

ئىشىك ئالدى ئانار گۈل،
ئاتنى باغلاڭ، مىراقۇل.
ئۇچ كۈن بولدى كەلمىدىڭ،
يارىم ساڭا ناماقۇل.

باغقا كىرمەك كىشى با(ر)،
گۈلنى ئۈزمەك ئىشى با(ر).
ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا
ياخشى ـ يامان كىشى با(ر).

كېچە كەلدىم بۇ داۋانغا،
سەۋزە بويلۇق كەلمىدى.
سەۋزە بويلۇق يارنى دەپ،
كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

گۈلمىدى، غۇنچەممىدى
خېنىم سېنىڭ باشىڭدىكى.
كېچىدە تونالمىدىم،
كىملەر ئىدى قاشىڭدىكى.

لەپ ـ لەپ ئۇچىدۇ سالار،
قارىمايدىغۇ يارلار.
قارىمىسا قارىماس،
ئەسلى بىۋاپا يارلار.

ئالا ئات مىنگەن بىلەن،
تاغدا كېيىك ئاتالمىدىم.
ئارزۇلاپ تۇتقان بىلەن
ئۆمۈرلۈك ئۆتەلمىدىم.

گۈلەمشۋار گۈلنى كۆرۈڭ،
گۈللار بىلەن بەس قىلىدۇ.
قولىدا بەش پۇلى يوق،
چىرايلىققا قەست قىلىدۇ.

كىتاب نۇر بېكىتى

دوستلىرىم مەندىن زېرىكتى،
دۈشمىنىم، سەن ھەم زېرىك.
بىر مىسال بار «ئىشەنگەن
تاغ ئارا ياتماس كېيىك.»

ئويىنغۇچنى يەرگە سالدىم،
كېچە چۈشتى خەمىكى.
بىزنىڭ يار كەتتى يىراققا،
خېلى باردۇر كەلمىكى.

گۈل بىلەن سوقسام تىكەننى،
گۈل بولۇر، گۈللار بولۇر.
باشقا قونغان قاغىلار
يار ئالدىدا بۇلبۇل بولۇر.

يار دەيدۇ، يار دەيدۇ،
ياردا يوقتۇر ۋاپا.
يار ئاتنى ئاتماڭلار،
قىلىدۇ جانغا جاپا.

سەن مېنى يار ئەتمىسەڭ،
دۇنيادا مەن يارسىز ئۆتەي.
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
باغرىمنى يېرىپ كۆرسىتەي.

ئاي خېنىم بىر باقسىنا،
كۆزۈڭنى چوڭ ـ چوڭ ئاچسىنا.
كىرىپىكىڭ دالدا قىلسا،
كەرگىگە كېرىپ سالسىنا.

ئات مىندىم دېگەن بىلەن،
قامچا بولسا بولمامدۇ.
يار تۇتتۇم دېگەن بىلەن،
يان بولسا بولمامدۇ.

دوزاخ يۈزلۈك دۈشمىنىڭدىن
ئۇ يانمۇ قاچ، بۇ يانمۇ قاچ.
يار ئوتىغا پايلىمىساڭ،
چاچراپ قوپۇپ سۆلارنى چاچ.

نام داۋاندا ئۇلتۇرۇپ،
چاتقال داۋاننى كۆرمىدىم.
ئات مىنىپ كەلگەن يارىمنى
ئېشەك مىنگەنچە كۆرمىدىم.

ئايمۇ بولدى، يىلمۇ بولدى،
ئوتلىرىدا كۆيگىلى.
ئىنتىزار بولدۇم ئەجەب،
ئاي يۈزلىرىنى كۆرگىلى.

گۈل گۈلىستان بولغۇدەك،
ئالەم گۈلىستان بولغۇدەك.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
چۆللەر گۈلىستان بولغۇدەك.

ئاي خېنىم، ئايلا خېنىم،
ئايدەك يۈزۈڭگە بوستان سالاي.
يولدا ياتقان چار ئىلاننىڭ
بويىنغا زەنجىر سالاي.

چىنە بېيجىڭدىن چىققۇر،
تاماكا لەمجىندىن چىققۇر.
ياغلىغىڭ قەشقەرچە بولسا،
چوكان ئالدىڭغا چىققۇر.

چىنىلار سۇنۇپ كەتتى،
چەينەكلەرگە دەز كەتتى.
ئۆستەڭ ياقىلاپ يار تۇتسام،
بىرنى سۆيمەي داغ كەتتى.

ئاقسارايدىن چىقىپ كەلدىم
ئاق قەغەزدەك ئاقىرىپ.
ئارقامدىن قاراپلا قالدى
زەپىرەڭدەك ساغىرىپ.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
جالانى ئۈزۈن سالما.
ئەمدى سېنى ئالمايمەن،
كەلگەنلەرنى ياندۇرما.

ئاق تەڭگە پۇلۇم بولسا،
ئاق يەرگە ساراي سالسام.
كۆڭۈلدىكى يار بولسا،
زېرىكمەي پاراڭ سالسام.

قارا قاش كىردى بازارغا،
قېشىنى بازار ئېتىپ.
ھېچلا ئىش كەلمەس قولۇمدىن،
يار خىيالىمغا يېتىپ.

قالىغاچ ئۆزى قارا،
ئۇچسا ئۇنىڭ باغرى ئالا.
موردىن چىققان تۈتۈندەك،
بىۋاپانىڭ كۆڭلى قارا.

گۈل تېرىدىم كۆرسىلە،
ئوسما تېرىدىم كۆرسىلە.
بىر قويۇم ئوسما بېرەي،
بوينۇمنى قايرىپ سۆيسىلە.

ھاۋادا تۇرنا كېلەدۇر،
گۈل شاخىغا قونغىلى.
گۈل شېخى ناز قىلادۇر،
تۇرنىنى قوندۇرغىلى.

تۆگە بالىسى تايلاق،
تالىنى ئۇچىنى يەيدۇ.
مۇشۇ كەمىنىڭ قىزلارى
كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ.

قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس.
سەن يارنى خىيال قىلسام،
گىلىمدىن غىزا ئۆتمەس.

قومۇل يولى يول بولسۇن،
يانتاقلىرى گۈل بولسۇن.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
ئىككى كۆزۈڭ كور بولسۇن.

ئالتۇن قۇلۇپ، كۈمۈش پەردە،
كىلىتى مەندە.
يار يىراقتا بولغان بىلەن،
خىيالى مەندە.

كېچىمۇ كېچە بولسا،
كۈندۈزمۇ كېچە بولسا.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
تاڭ ئاتماس كېچە بولسا.

يارىم كېلىدۇ قاراپ،
سۇنبۇل ساچىنى تاراپ.
مەن يارغا نېمە قىلدىم،
يامان كۆز بىلەن قاراپ.

ئاق تىكەن گۇر - گۇر كۆيەدۇر،
كۆك تىكەنگە چارە يوق.
مەيلى بار ئوتتا كۆيەدۇر،
مەيلى يوقنىڭ كارى يوق.

قارا - قارا قاشلارىڭ،
سىلكىنەدۇر چاچلارىڭ.
ساڭا نېمە دەرد كەلدى؟
كىرپىك ئارا ياشلارىڭ.

ئېگىز يەرگە دالان سالسام،
يارىشىپ قالدى.
چىرايلىقتىن ئاشىق تۇتسام،
تالىشىپ قالدى.

كەل يارىم ئولتۇر قېشىمدا،
باشقىلار قالسۇن قاراپ.
كۆزلىرىگە قان يۈگۈرسۇن،
بىز ئىككىلەنگە قاراپ.

شۇ يارىمدىن مەن يىراق،
شۇ يارىم مەندىن يىراق.
شۇ يارىم يادىمغا كەلسە،
ياندۇرارمەن شام چىراغ.

ئالمىخان تاغلارغا چىقتى،
ئاتلىرىنى تاقىلاپ.
رەۋىخان قورايدا قالدى،
توشلىرىنى تاتىلاپ.

ئەتىگەندە شەبنەمدە،
يورغىلايدۇ بوز توشقان.
بىزنىڭ يار قارا كۆزنىڭ
لېۋىگە ناۋات قوشقان.

ئوڭ يېنىمدىن ئاي چىقتى،
سول يېنىمدىن قارىغىنا.
قەغىزىمنىڭ ئازلىقىدىن،
نامە يازدىم ئازغىنا.

چىلان تورۇق ئېتىمنىڭ
سۆڭگىچىدە ئالاسى.
كوچاردا بىر يارىم بار،
قارچوغىنىڭ بالاسى.

قار بىلەن مۆلدۈر يېغىپتۇ،
كەلمە يارىم، ئىز چىقۇر.
ئاخشام كېلىپ ئەتە يانساڭ،
ھەممە خەقتىن سۆز چىقۇر.

بۇ يول بىلەن ماڭمايمەن،
ھەر يەر بىلەن ماڭسام يول.
دوستىنىڭ تولىسى دۈشمەن،
سەن ئۆزۈڭگە سەگەك بول.

قىزىل گۈللار ئاچىلسا،
ئاقمۇەت لەيلى بولۇر.
ھەر بۇلاقتىن سۇ تېشىلسە،
ئايىغى دەريا بولۇر.

دوپپىڭىز توپاق تېرىسى،
مەيدىڭىزگە قاقىسىز.
كۆزىڭىز كانتو مۈشۈكتەك،
ھەربىر بۇلۇڭغا باقىسىز.

سۇ قۇۋۇقنىڭ ئالدىدا
مېنىڭ بېلىم يېشىلگۈدەك.
خەقلەرنىڭ بەدنامىغا
قۇلاق ـ مېيەم تېشىلگۈدەك.

ئاتامنىڭ ئاتاسى يوق،
بېلىدە پوتاسى يوق.
ئىشەنمەڭلار ئالەمگە،
ئالەمنىڭ ۋاپاسى يوق.

ئاتالىقلار ـ ئانالىقلار
دەستە ـ دەستە گۈل ئىكەن.
ئاتاسىزلار ـ ئاناسىزلار
كۆيۈپ ئۆچكەن كۈل ئىكەن.

ئات مېنىپ كىمخاب كىيىپ،
يارىم مېنى كۆيدۈرگۈدەك.
ئىچمىسەم مەن شۇل ھاراقنى،
ئاخىرى ئۆلتۈرگۈدەك.

دەرەخ بولسا ئېگىز بولسا،
ئېگىلمەس بولسا.
كۆپكۆك، يېشىل يوپۇرمىقى
تۆكۈلمەس بولسا.

ياخشى ئادەم يامانلىنى
دورىماس بولسا.
بىر ياخشىغا بىر يامانى
بۇيرىماس بولسا.

# سېھىرلەنگەن پادىشاھ

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ قەددى ـ قامىتىنىڭ كېلىشكەنلىكى، ئەلەم ـ قەلەمدە تەڭداشسىزلىقى بىلەن مەشھۇر ئىكەن. ئۇنىڭ رەھىمدىللىكىدىن دوستلىرىنىڭ كۆڭلىدە مېھىر، قەھرىدىن بولسا دۈشمەنلىرىنىڭ كۆڭلىدە قورقۇنچ پەيدا بولىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، ئۇ ئون سەككىز ياشلىق ساھىبجامال بىر قىزنى نىكاھىغا ئېلىپ ئۆزىگە ھەمراھ قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كۈنلىرىنى كېچە ـ كۈندۈز ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. خوتۇنىمۇ تارتىنماستىن ناز ـ خۇلقلىرىنى چىقىرىپ پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىكەن ۋە ھەييارلىق بىلەن ئۆزىنى پادىشاھقا ساداقەتمەن، يامان ۋە ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان قىلىپ كۆرسىتىدىكەن.

بىر كۈنى، پادىشاھ قول ئاستىدىكى ماھىر ھۈنەرۋەنلەرنى يىغىپ:

— ئوردا ئىچىگە خانىشقا ئاتاپ بىر ئىمارەت سېلىڭلار، — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ھۈنەرۋەنلەر ئىمارەتنى تېزلا پۈتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ نەققاشلارنى يىغىپ:

— بۇ ئىمارەتكە دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل سۈرەتلەرنى سىزىپ چىقىڭلار، — دەپتۇ.

قولى چېۋەر نەققاشلار بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنىڭ سۈرىتىنى ئۆيىنىڭ ئىشىك ـ تاملىرىغا سىزىپتۇ. پۈتكەندىن كېيىن، پادىشاھ بىلەن خانىش ئۆينى رەڭگارەڭ ئېسىل بىساتلار بىلەن بېزەپ، ھەمىشە بۇ ئۆيدە بەزمە قۇرۇپ، كۆڭلىنى ئېچىپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ خوتۇنى بىلەن تامدىكى سۈرەتلەرنى تاماشا قىلىپ يۈرگەندە، خانىشنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ قاملاشقان بىر يىگىتنىڭ سۈرىتى نامايان بوپتۇ. خانىش شۇ زامان نىقاب تارتىپ يۈزىنى يوشۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ:

— ئەي خانىش، بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچبىر يات كىشى بولمىسا، يۈزۈڭگە نىقاب تارتىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. خانىش:

— ئەي پادىشاھىم، بۇ گەرچە بىر سۈرەت بولسىمۇ، ئەمما ماڭا نىسبەتەن يات ئەر كىشىنىڭ سۈرىتىدۇر، ئۇ خۇددى ماڭا قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈندى، شۇنىڭ ئۈچۈن شەرم ـ ھايا يۈزىسىدىن يۈزۈمگە نىقاب تارتىۋالدىم، — دەپتۇ. پادىشاھ خوتۇنىنىڭ بۇنداق ئىپپەت ـ نومۇسلۇق، پاكلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كۆرۈپ خوتۇنىغا بولغان ئىخلاس - ئەقىدىسى ئاۋۋالقىدىن يۈز ھەسسە زىيادە بوپتۇ.

بىر كۈنى كېچىسى پادىشاھ ئورنىغا كىرىپ راھەتلىنىپ يېتىپتۇ. خوتۇنى بولسا كارىۋاتنىڭ بىر چېتىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانىكەن. تۇيۇقسىز ئىشىكتىن بىر مۈشۈك كىرىپ بىر دومىلاپلا بىر خوتۇننىڭ سۈرىتىگە كىرىپتۇ ۋە خانىشقا سالام قىپتۇ. خانىش ئورنىدىن تۇرۇپ سالامغا جاۋاب قايتۇرۇپتۇ. پادىشاھ كۆزىنى يۇمۇپ ياتقانىكەن، ئۇلار پادىشاھنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلاپ، خاتىرجەم ھالدا سۆزلىشىشكە باشلاپتۇ. خانىش ئۇنىڭدىن:

— بۇ كېچىدە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ خوتۇن:

— ئەي جاھان مەلىكىسى، سېنىڭ ھېلىقى ناخشىچى دوستۇڭ سالام ئېيتتى. ئۇ بۈگۈن كېچە قىزنىڭ توي مەرىكىسىنى قىلماقچى ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق دوستلىرى ۋە تۇغقانلىرى جەم بوپتۇ، بىراق سېنىڭ دىدارىڭنى كۆرەلمىگەچكە ئۇنىڭ كۆڭلى پەقەتلا ئېچىلمايۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇ سېنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىش ئۈچۈن مېنى ئەۋەتتى. ئەگەر بۈگۈن كېچە بېرىپ ئۇنىڭ يېنىدا ھازىر بولمىساڭ، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ سەندىن رەنجىيدۇ. ئەگەر ياخشىلىق يۈزىسىدىن مەرھەمەت قىلساڭ، مۇبارەك قەدىمىڭ بىلەن بەزمە ئەھلىنىڭ كۆزىنى نۇرلاندۇرساڭ ھەممەيلەن سەندىن مىننەتدار بولىدۇ. يەنە بىر گەپ، سەن ئىشق - مۇھەببەتكە گىرىپتار بولۇپ، ۋىسالىغا يېتىش ئارزۇسىدا يۈرگەن ھېلىقى يىگىتمۇ بۈگۈن ئاخشام شۇ مەرىكىدە، بۇ كېچە ئارزۇيۇڭنىڭ دەرىخىگە مېۋە چۈشۈپ، ۋىسال شارابىدىن خۇش كەيىپ بولغايسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

خانىش بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ:

— ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ قىلغان دۇئالىرىم قوبۇل بوپتۇ، ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن كۈنلىرىم ئاخىر يېتىپ كەپتۇ، نەركەستەك گۈزەل كۆزلىرىمنى ئاياغ قىلىپ دەرھال يېتىپ بارىمەن، چۈنكى ئۇ گۈزەل يىگىتنىڭ پىراقىدا ئۇزاقتىن بۇيان ئەقلىمنى يوقاتقانىدىم، بۈگۈن بۇ پۇرسەتتە ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەي. بىردەم تۇرۇپ پادىشاھنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئاندىن باراي، — دەپ ئۇ خوتۇننى يولغا سېپتۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «خانىش زادى نەگە بارىدىغاندۇ؟ مەنمۇ بىللە بېرىپ كۆرۈپ كەلسەم بولغۇدەك» دەپ ئويلاپ، يالغاندىن قاتتىق ئۇخلاۋاتقان قىياپەتكە كىرىپ يېتىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن خانىش خاتىرجەم بولۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇ كىيىملىرىنى يۆتكەپ، ۋەزىرنىڭ خوتۇننى چاقىرىپتۇ. ئىككىسى چىرايلىق جابدۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، بىرلا سىلكىنىپ ئىككى مۈشۈك سۈرىتىگە كىرىپتۇ - دە، چاققانلىق بىلەن ئۆيدىن چىقىپتۇ. پادىشاھمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ لىباسلىرىنى كىيىپ مۈشۈكنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ شەھەردىن چىقىپتۇ. شەھەر سىرتىدا شاخلىرى ئاسمان - پەلەك تاقىشىپ تۇرغان يوغان بىر تۈپ دەرەخ بار ئىكەن. ئىككى مۈشۈك بۇ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. پادىشاھمۇ كېلىپ دەرەخنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇۋاپتۇ. دەرەخ شۇ ھامان ئورنىدىن قوزغالغاندەك بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا ناغرا - سۇناي ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇلار بىردەمدىلا باشقا بىر شەھەرگە كېلىپ قالغان بولۇپ، بۇ توي مەرىكىسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان بەزمە سادالىرى ئىكەن. مۈشۈكلەر دەرەختىن چۈشۈپ توي بولۇۋاتقان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. پادىشاھمۇ مۈشۈكلەرگە ئەگىشىپ كېلىپ قارىسا، بىر بارگاھدا نۇرغۇن يىگىتلەر جەم بولۇپ شاد - خۇرام ئويناۋاتقانىكەن. ئىككى مۈشۈك بىر بۇلۇڭدىن ئۆتۈپ ھەرەمخانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بېرىپ يىگىتلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. شەھەر خەلقى پادىشاھنى تونۇمىغانلىقى ئۈچۈن سورۇندىكىلەرنىڭ پادىشاھ بىلەن كارى بولماپتۇ. پادىشاھ بولسا ئۆزى سورۇندا ئولتۇرغىنى بىلەن كۆزى مۈشۈكلەرنىڭ يولىدا ئىكەن، ئۇ كۆڭلىدە «مۇبادا مۈشۈكلەر تۇيۇقسىز كېتىپ قال-

ـسا مەن ۋەتىنىمگە قايتالماي، بۇ يەردە مۇساپىر بو -
لۇپ يۈرەرمەنمۇ» دەپ غەمگە پېتىپتۇ. يېرىم كېچە
بولغاندا بىر يىگىت بىر گۈلچەمبىرەكنى ئالتۇن
پەتنۇسقا سېلىپ بۇ بارگاھقا كىرىپتۇ. بۇ شەھەر -
نىڭ قائىدىسىدە ئاۋۋال كۈيئوغۇلنىڭ بويىنىغا
گۈلچەمبىرەك ئېسىپ قىزلارنىڭ مەرىكىسىگە
كىرگۈزۈپ بىر سائەت ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن
ئاندىن باشقا ئۆيگە ئاچىقىپ ئولتۇرغۇزىدىكەن. بۇ
كۈيئوغۇلنىڭ كۆزلىرى يىرتىق بولۇپ، چىرايى
تولىمۇ سەت ئىكەن، شۇڭا يىگىتلەر بۇنداق سەت
كۈيئوغۇلنى بىر پەرى سۈپەت قىز بىلەن تەختى
دۆلەتتە بىللە ئولتۇرغۇزۇشنى مۇناسىپ كۆرمەي
مەسلىھەتلىشىپ چىرايلىق قاملاشقان بىر يىگىتنى
تاللاپ گۈلچەمبىرەكنى ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىپ
توينىڭ رەسىم ـ قائىدىلىرىنى قىلدۇرغاندىن كې -
يىن ئۇ گۈزەل قىزنى خۇدايىتائالا ياراتقاندا كىمگە
نېسىپ قىلغان بولسا شۇنىڭغا تاپشۇرماقچى بو -
لۇشقانىكەن. خوتۇنىنىڭ كەينىدىن كەلگەن بۇ پا -
دىشاھ ئۇلارغا چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ ـ دە، كەلگەن
پېتى گۈلچەمبىرەكنى ئىككىلەنمەستىن بۇ يىگىت -
نىڭ بويىنىغا ئېسىپ، قولىدىن تۇتۇپ ئىچكىرىگە
تەكلىپ قىپتۇ. يىگىت بولسا رەت قىلىشقا ئامال -
سىز قېلىپ، كۈتمىگەن مەرىكىگە تەييارلىنىپ،
ئۆزىنى ئامانلىق سورۇنىدىن لەھەڭنىڭ ئاغزىغا
كىرىۋاتقاندەك ھېس قىپتۇ. ھەرەمنىڭ ئىچىگە
كىرىپ قارىغۇدەك بولسا بۇ ئۆيگە ھۆر سۈپەت پە -
رىلەر جەم بولغانىكەن، ھەر تەرەپتە نازىنىنلار يۈز -
لىگەن خۇلقى بىلەن نازلىنىپ ئىشقى شارابىنى
تولدۇرۇپ ئولتۇرغانىكەن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پادىشاھنى ئۆينىڭ تۆ -
رىدىكى تەختكە قىز بىلەن ئولتۇرغۇزۇپ، شۇ شە -
ھەرنىڭ قائىدىسى بويىچە يىگىتنىڭ ئىككى قولى -
غا جاۋاھىر بىلەن تەييارلانغان بىلەزۈك تاقاپتۇ.
باشقا ھۆر سۈپەت پەرى يۈزلۈك گۈزەللەر ئاينىڭ
ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلاردەك كۈيئوغۇل بىلەن كې -
لىنىنىڭ ئەتراپىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ
بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ يوشۇرۇنچە بۇ گۈزەللەر -
نىڭ جامالىغا قاراپ تاماشا قىلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز
ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا قاملاشقان بىر يىگىتنى قو -
چىقىغا ئېلىپ بىر ـ بىرىنىڭ قولىدىن شاراب
ئىچىپ مەست بولۇپ، رۇخسارىغا نەچچىنى سۆيدۈ -
رۇپ ئولتۇرغان خوتۇنىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بىر جاھ -
ىسىز سۈرەتتىن شەرم ـ ھايا قىلىپ يۈزىگە نىقاپ
سېلىۋالغان خوتۇنىنىڭ بۈگۈن ئاشىنىسىنىڭ قۇچى -
قىدا ئولتۇرۇپ ئىشرەت شارابىنى سۈمۈرگەنلىكى -
نى كۆرگەن پادىشاھ ھەيرانلىقىدىن ھوشىدىن
كەتكىلى تاسلا قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ
خوتۇنى بىزمۇ بېرىپ كۈيئوغۇلنىڭ جامالىنى
كۆرۈپ كېلەيلى، دەپ ۋەزىرىنىڭ خوتۇنى بىلەن
كېلىپ، پادىشاھقا قاراپتۇ ۋە ۋەزىرىنىڭ خوتۇنىغا:

— بۇ يىگىتنىڭ چىرايى پادىشاھقا بەكمۇ
ئوخشايدىكەن، شۇمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ قال -
دىم، ئەگەر ئۇ ئۆيدە ئۇخلاپ قالمىغان بولسا ئى -
دى، پادىشاھ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن بولات -
تىم، — دەپ، شارابنىڭ تەسىرىدە كۆپ ئويلىمايلا
ئاشىقىنىڭ يېنىغا قايتىپ داۋاملىق ئەيش ـ ئىش -
رەت قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ خوتۇنىنىڭ كۆ -
زىدىن قۇتۇلۇپ قالغىنىغا خۇش بولۇپ، ئىچكىرى -
دىكى بۇ سورۇندىن رۇخسەت ئېلىپ چىقىپ يى -
گىتلەرنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە:
«ئەگەر بۈگۈن بۇ يەردىن ساق ـ سالامەت كېتەلى -
سەم، بۇ مەككار خوتۇن بىلەن ۋەزىرىنىڭ خوتۇنىنى
پارە ـ پارە قىلىپ جېنىنى جەھەننەمگە يوللايمەن»
دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە قەسەم قىلىپتۇ.

تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ ئىككى خوتۇن قايت -
ماقچى بولۇپ، سورۇندىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ
مىڭىپتۇ. پادىشاھمۇ چاندۇرماي ئۇلارنىڭ كەينىدىن
مېڭىپ، ھېلىقى دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ، دەرەخ -
كە چىڭ يېپىشىپ تۇرۇۋاپتۇ. دەرەخ بىرلا سىلكى -
نىپ بىردەمدىلا ئۇلارنى پادىشاھنىڭ شەھىرىگە
ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ خوتۇ -
نىدىن بۇرۇنراق ئۆيىگە كېلىپ ئورنىدا يېتىۋاپتۇ.
خوتۇنى پادىشاھنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپلا چاندۇر -
ماي كۆرپىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ.

www.nurkitap.com

پادىشاھ ئۇيقۇسىزلىق ۋە خاپىلىق تۈپەيلىدىن قولىدىكى بىلەزۈكنى ئېلىۋېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ يېتىۋالغانىكەن، خوتۇنىنىڭ كۆزى تۇيۇقسىزلا بىلەزۈككە چۈشۈپ كېچىدىن يۈز بەرگەن ۋەقەدىن گۇمانلىنىپ:

— نېمە ئۈچۈن بۇ بىلەزۈكنى قولۇڭغا سېلىۋالدىڭ؟ بۇ نەرسە يېڭى كۈيئوغۇل بولغانلىقىڭنىڭ بەلگىسىغۇ؟ مېنىڭدىن يوشۇرۇن ئۆيلەندىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەخمەق پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئويلاپ ئىش قىلماي، غەزەپلىنىپ ۋارقىراپتۇ:

— ھەي نومۇسسىز، ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭ غېمىڭنى قىلغىن، بۇ كېچە قىلغان ئىشىڭنىڭ جازاسى ئۈچۈن سېنى جەھەننەمگە ئۇزىتىمەن!

خوتۇنى ئاخماقى گۇمانىنىڭ راستلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، پادىشاھ قول سېلىشتىن بۇرۇنراق بىر تەرەپ قىلاي دەپ، بىر سىقىم تۈپىنى ئېلىپ ئەپسۇن ئوقۇپ پادىشاھنىڭ ئۈستىگە چاچقانىكەن، پادىشاھ شۇ زامان ئالتۇن رەڭلىك بىر توزغا ئۆزگىرىپتۇ. خانىش ئۇنى بىر قەپەسكە سولاپ ئاندىن خاتىرجەم بوپتۇ.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، دۆلەت ئەربابلىرى جەم بولۇپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ خىلۋەتچە ساقلاپتۇ. بىراق، پادىشاھ تەختكە چىقماپتۇ. بۇ ئەھۋال نەچچە كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن، ۋەزىر ئاخىر بىتاقەت بولۇپ بىر كۈنى ئوردا بېگىگە:

— پادىشاھ تاشقىرىغا چىقماي ھەممىمىز بىتاقەت بولدۇق، شاھىمىزنىڭ سىرتقا چىقماسلىقىغا نېمە سەۋەب بولدىكىن؟ — دەپ خانىشقا گەپ كىرگۈزۈپتۇ. ئوردا بېگى كىرىپ خانىشقا بۇ گەپنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ شاھنىڭ نامىدىن جاۋاب قايتۇرۇپ:

— شاھىمىز، كېسەللىك سەۋەبىدىن مۇبارەك ۋۇجۇدۇمدا ئاجىزلىق پەيدا بولۇپ چىقالمىدىم، دېدى، — دەپتۇ. بۇنى ئوردا بېگى چىقىپ ئەمىرلەرگە يەتكۈزگەندىن كېيىن بارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، ئەمىر ـ ئۆلىمالار ناھايىتى پەرىشان بوپتۇ. ۋەزىر ناھايىتى ئەقىللىك ۋە ئىخلاسمەن ئىكەن، ھەممەدىن بەكرەك ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشان بوپتۇ. ئۇ ئەقىل ـ پاراسىتى ئارقىلىق پادىشاھقا بىرەر ئىش بولغىنىنى سېزىپتۇ. ياتار چاغدا ئۇ خوتۇنىنى قۇچىقىغا ئېلىپ شېرىن ـ شېكەر سۆزلەر بىلەن ئالداپ يۈرۈپ، خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، ئاخىرىدا:

— ئەي مېنىڭ گۈزەل مەلىكەم، ئوردىغا كىرىپ خانىشتىن پادىشاھنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقساڭ، ئۇنىڭغا نېمە بولغانلىقىنى بىر بىلسەم، — دەپ زارلىنىپ يىغلاپتۇ.

ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ماقۇل بولۇپ، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا پادىشاھنىڭ ھەرىمىگە كىرىپتۇ. مەلىكە بىلەن ئىككىسى سىرداش بولغانلىقتىن، ئەيمەنمەستىن پادىشاھنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ. مەلىكەمۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنىغا بەك ئىشىنىدىكەن، شۇڭا بولغان ۋەقەلەرنى قالدۇرماي بايان قىپتۇ ۋە توزنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ئۆيگە كېلىپ ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ۋەزىرگە دەپ بېرىپتۇ. ۋەزىر بۇنى بىلگەندىن كېيىن ئىنتايىن پاراكەندە بولۇپ «قانداق قىلسام ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالارمەن؟» دەپ كۆپ ئويلاپتۇ. ئاندىن ھەممەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، بازارغا بېرىپ خوتۇنى تەسۋىرلەپ بەرگەنگە ئوخشاش توزدىن بىرنى ئەكېلىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئوردىغا بېرىپ ھەرەم بېگىگە ئەرز قىلىپ:

— پادىشاھ بىلەن دىدارلىشالماي كۆڭلۈم بەك پەرىشان. پادىشاھىم توزنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، توزنى تاماشا قىلسام كۆڭلۈم كۆتۈرۈلىدۇ، دەيتتى، ئاڭلىشىمچە خانىشنىڭ بىر توزى بارىكەنمىش، خانىش ئۇ توزنى ماڭا بىردەم بېرىپ تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ ئايغىنى كۆزلىرىمگە سۈرتۈۋالسام كۆڭلۈم ئارام تېپىپ قالار ئىدى، — دەپتۇ. ئوردا بەگلىرى ھەرەمگە كىرىپ ۋەزىرنىڭ ئەرزىنى مەلىكىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، خانىش ۋەزىرنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلىپ، كۆپ ئويلانمايلا توزغا ئايلانغان پادىشاھنى قەپەسكە سېلىپ:

— بۇنى بىر سائەتكىچە قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بەرسۇن، — دەپ بېرىپ تۇرۇپتۇ. ھەرەم بەگلىرى قەپەسنى ئېلىپ چىقىپ ۋەزىرگە بېرىپ خانىشنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزۈپتۇ. ۋەزىر مىننەتدار بولۇپ دەرھال توزنى ئۆيگە ئاپىرىپ، خوتۇنىنىڭ ئايىغىغا بېشىنى قويۇپ يالۋۇرۇپ:

— ناز - خۇلقلىرىڭغا جان - دىلىم پىدا بولسۇن، شېرىن سۆزلىرىڭگە مال - مۈلكۈم سەدىقە بولسۇن، بەخت - ئامەت قولغا كەلدى، يۈزلىگەن ھىيلە - مىكىر بىلەن پادىشاھنى ئاران قولغا كەلتۈردۈم، ئەمدى نېمە مەسلىھەتىڭ باركىن؟ — دەپ تۇرغاندا، خوتۇنى جاۋاب قايتۇرۇپ بولغۇچە ئوردا بەگلىرى كىرىپ:

— خانىش توزنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار دېدى، — دەپتۇ. ۋەزىر دەرھال پادىشاھنى قەپەستىن چىقىرىپ ئۆزىنىڭ توزىنى قەپەسكە سېلىپ، ئوردا بەگلىرىگە تاپشۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۇنى ئوردىغا ئاپىرىپ خانىشقا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. خانىشمۇ توزنى كۆرۈپ خاتىرجەم بوپتۇ.

ۋەزىر بەگلەرنى يولغا سالغاندىن كېيىن خوتۇنىغا يالۋۇرۇپ:

— خوتۇن، سەن بەك قابىلىيەتلىك، ھەممە ئىش قولۇڭدىن كېلىدۇ. ئامال قىلىپ توزغا ئايلاندۇرۇلغان پادىشاھنى ئەسلىگە كەلتۈرسەڭ، ئۇنى پالاكەتتىن قۇتۇلدۇرساڭ ياخشى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپ، مال - مۈلكىگە تەڭ شېرىك بولاتتۇق. تېخى كېيىن پادىشاھلىق ئورنىنى ماڭا بەرسە، ئۇ چاغدا سەنمۇ پادىشاھنىڭ خوتۇنى بولاتتىڭ، — دەپ ئالداپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ۋەزىرنىڭ خوتۇنىنىڭ كۆڭلىدىكى مال - دۇنيا، نازۇنېمەتلەرگە بولغان ھېرىسمەنلىك ئەۋجىگە چىقىپتۇ - دە، دەرھال ماقۇل بوپتۇ. لېكىن پادىشاھنىڭ خوتۇنى بىلەن يېقىن بولغاچقا، دوستلۇقىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ ۋەزىرگە دەپتۇ:

— لېكىن بىر شەرت قويىمەن، پادىشاھنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ مال - مۈلكىنى ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى ساڭا بېرىدىغانغا خەت قىلىپ بەرسۇن، خەتنى ئالغاندىن كېيىن پادىشاھنى يەنە توزنىڭ سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ، خانىشقا ئەۋەتىپ بېرىمەن.

ۋەزىر ماقۇل بوپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى بىر سىقىم توپىنى قولىغا ئېلىپ ئەپسۇن ئوقۇپ دەم سېلىپ، پادىشاھقا بىر چاچقانىكەن، پادىشاھ دەرھال ئەسلىگە كەپتۇ. ۋەزىر دەرھال شەمشىرىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ چىقىپ، خوتۇنىنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرۇپتۇ.

پادىشاھ كۆزىنى ئېچىپ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ۋەزىردىن سوراپتۇ:

— مەن قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم؟ بۇ خوتۇننى كىم ئۆلتۈردى؟

ۋەزىر بولغان ۋەقەلەرنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ، پادىشاھ ۋەزىرنىڭ ۋاپادارلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە:

— ئەي ۋاپادار ۋەزىرىم، ئەمدى قانداق مەسلىھەتىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر:

— ئەي قۇدرەتلىك شاھىم، ھازىر خانىش تېخى بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپمىدى. ئىككىمىز ئاۋۋال باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ بىرەر مەخپىي يەرنى ماكان قىلىۋېلىپ، ئاندىن ئامالىنى ئىزدەيلى، ئەگەر ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساق، جېنىمىزنىمۇ جان ئېتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ سۆزىنى مۇۋاپىق كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن كېچىدە شەھەردىن چىقىپ كېچىلەپ يول يۈرۈپ، نەچچە كۈندىن كېيىن باشقا بىر ۋىلايەتكە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىغا نۆكەر بولۇپ، پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ۋەزىر بىلەن پادىشاھنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇلارنىڭ سالاپىتى ۋە ئەدەپ - قائىدىلىك ئىكەنلىكىگە قاراپ بۇلار ئۇلۇغلار ئەۋلادى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ئۇلارغا زىيادە مېھرىبانلىق قىپتۇ. ئۇلارغا بارغانسېرى ئامراقلىقى كېلىپ، ئاخىر پادىشاھنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل

قىلماقچى بوپتۇ. بۇ مۇساپىر پادىشاھ ھەر قانچە قىلىپمۇ رەت قىلالماي ئاخىر پادىشاھنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئاپتۇ. لېكىن بۇنىڭدىن قىلچە خۇشال بولماپتۇ. ئۇ ئامالسىز گاھىدا خوتۇنى بىلەن ھەرەمگە كىرىپ ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئولتۇرۇپتۇ، گاھىدا غېرىبسىنغاندا ۋەزىرنى چاقىرىپ مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ خوتۇنى بىلەن شاھمات ئويناپ ئولتۇرغانىكەن، يېنىدا ۋەزىرمۇ بار ئىكەن، تۇيۇقسىز ھاۋادا بىر قارلىغاچ پەيدا بوپتۇ - دە، پادىشاھنىڭ ئۈستىگە كېلىپ بىر ئايلىنىپ، پەرياد قىلىپ غايىب بوپتۇ. خوتۇنىنىڭ كۆزى قارلىغاچقا چۈشۈپ، پادىشاھقا دەپتۇ:

— ئەي شاھىم، بۇنىڭ قانداق قارلىغاچلىقىنى بىلدىڭمۇ؟

— بىلمىدىم، — دەپتۇ پادىشاھ. خوتۇنى دەپتۇ:

— بۇ قارلىغاچ سېنىڭ ئاۋۋالقى خوتۇنۇڭدۇر، ئۇ سېنى ئىزدەپ يۈرگەنىكەن، ئەسلى ساڭا قەست قىلماقچى بولغانىدى، ئەمما مەندىن قورقۇپ ساڭا زەرەر يەتكۈزەلمىدى، لېكىن دىققەت قىلمىساڭ پايلاپ يۈرۈپ، مەن يوق ۋاقتىمدا زەرەر يەتكۈزىدۇ. سەن ئۇنىڭ قولىدىن ھەرگىزمۇ خالاس بولالمايسەن، پەقەت مەنلا بۇنىڭغا ئامال قىلالايمەن.

پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قورقۇنچىدىن پۈتۈن ئەزالىرىغا تىترەك ئولىشىپ ۋەزىرگە مەسلىھەت ساپتۇ. ۋەزىر مەلىكە تەرەپنى ئىشارەت قىلىپ:

— ئەي پادىشاھ، بۇ ئىش توغرىسىدا مەلىكەدىن ياردەم تەلەپ قىلغىن، ئېھتىمال مۇشكۈل ئىشىمىز ئاسان بولسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، مەلىكىدىن ياردەم سوراپتۇ. مەلىكە دەپتۇ:

— ئەي شاھىم، سېنى بۇ بالادىن قۇتۇلدۇرۇش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىمدۇر، چۈنكى ئۇ دۈشمەن، ئاۋۋال مېنى يوقىتىپ ئاندىن كېيىن ساڭا زەرەر يەتكۈزمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ھازىر ئۇ قارلىغاچنىڭ سۈرىتىدە يەنە كېلىدۇ، مەنمۇ قارلىغاچقا ئۆزگىرىپ پەرۋاز قىلىپ، ھاۋادا ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىمەن، ئاندىن ھەر ئىككىمىز ئالدىڭغا چۈشىمىز، سەن قولۇڭغا بىر تاياقنى ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇرغىن، بىزنى كۆرگەن ھامان بىر تاياق بىلەن ئىشنى تامام قىلغىن. لېكىن دىققەت قىلغىن، ھەرگىز ماڭا زەرەر يەتمىسۇن. بىلمەي مېنى ئۇرۇپ قويمىغىن، ئۇنىڭ رەڭگى قارا، مېنىڭ رەڭگىم ئالا، — دەپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ھېلىقى قارلىغاچ يەنە پەيدا بوپتۇ، مەلىكە بىر دومىلاپلا ئالا قارلىغاچقا ئۆزگىرىپ، قارا قارلىغاچقا يېتىشىپ سوقۇشۇشقا باشلاپتۇ، ئۇلار كۆكتە بىر ھازا ئېلىشقاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. پادىشاھ قولىغا بىر تاياقنى ئېلىپ كۈتۈپ تۇرغانىكەن، دەرھال تايىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋەزىردىن سوراپتۇ:

— ئەي ئەقىللىق ۋەزىر، بۇلارنىڭ قايسىسىنى ئۇراي؟

ۋەزىر:

— ئەي ساددا پادىشاھ، «سېرىق ئىتمۇ بۆرىنىڭ بۇرادىرىدۇر» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ بۆرىدىن قۇتۇلۇپ يولۋاسقا تۇتۇلۇشنى خالىمىساڭ، ھەر ئىككىسىنى ئۇر، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، كۆچەپ بىرنى ئۇرۇپ ئىككى جادۇگەرنى جەھەننەمگە يولغا ساپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بۇ بالا - قازالاردىن بىراقلا قۇتۇلۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ۋەزىر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ ۋە جادۇگەر خوتۇنلارغا يېقىن يولىماي، ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خاتىرجەم ياشاپتۇ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى ئاۋات ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتە)

# ھەقىقىي ئوغرى كىم؟

توپلاپ رەتلىگۈچى: يۈسۈپ ئەھمەدى

ئۇ ئەتراپتا ھېچ كىشىنى كۆرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بېرىپ كالىنىڭ ئارغامچىسىنى يېشىپ كالىنى ئۆيىگە يېتىلەپ كەپتۇ. ئانا ئوغلىنىڭ كالا يېتىلەپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ بەك خۇش بوپتۇ. ئۇلار كالىنى ئۆلتۈرۈپ يەپتۇ. بۇ ئىشمۇ بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىپتۇ.

يىللار ئۆتۈپ بالا 15 ياشقا كىرىپتۇ. بالىنىڭ يۈرىكى يوغىناپ، يامان ئىش قىلىشتىن تەپ تارتمايدىغان ھالەتكە يېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئانا ئوغلىغا:

— باتۇر بالام، قىش كىرىپ قالدى، شۇڭا چىقىپ كالا، تۆگە، قوتاز دېگەندەك ھايۋانلارنى ئېلىپ كەلسەڭ بولاتتى، — دەپتۇ.

بالا بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. ئانا بالىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ:

— تېزرەك بارغىن، — دەپ بالىسىنى يەنە ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇرلاپتۇ.

بالا ئۆيدىن چىقىپ كەچ كىرگەندە بىر قانچە كالىنى يېتىلەپ كەپتۇ. ئۇلار بۇ كالىلارنىڭ گۆشلىرىنى يەپ قىشنى چىقىرىپتۇ.

ئەتىياز كەپتۇ. بىر كۈنى ئانا بالىسىغا:

— ئەقىللىك ئوغلۇم، قوي، كالىلار بىزگە ئانچە ئۇزاق يەتمەيدىكەن، شۇڭا چىقىپ پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە كىرىپ ئالتۇن - كۈمۈش ئېلىپ كەلسەڭ، تۇرمۇشتا قىينالمايتتۇق، تويۇڭنىمۇ قىلىۋالغان بولاتتۇق، — دەپتۇ.

بالا گەپ قىلماي ئۆيدىن چىقىپ پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە پەم بىلەن چۈشۈپ، ئالتۇن - كۈمۈشنى خالتىسىغا توشقۇچە سېلىپ ئارغامچىغا ئېسىلىپتۇ. ئەمما ئارغامچا ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلمەي ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى ئوردىغا بىر كەپتۇ. ئوردا جېسەكچىلىرى كېلىپ بالىنى تۇتۇپ شاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. شاھ ئاچچىقىدا ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار ئۇنى چېپىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— قانداق گېپىڭ بار؟

— ئانامنى قېشىمغا ئېلىپ كەلسەڭلار، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋالاي، — دەپتۇ بالا.

ئانا كەلتۈرۈلۈپتۇ. بالا ئانىسىنىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ ئاندىن كاپپىدە قىلىپ بىر بارمىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ غەزىپى تېشىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ بالىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. بالا كىچىكىدىن تارتىپ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەتراپتىكىلەر بالىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا ئەسلىدە ئانىسىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى بىلىپتۇ.

پادىشاھ قول ئاستىدىكىلەرگە بالىنىڭ ئانىسىنى جازالاشنى، بالىنى قويۇپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن، قەدىمكى زاماندا مەلۇم بىر شەھەرنىڭ چې-

تىدىكى بىر ئائىلىدە ئۈچ جان بار بولۇپ، تۇرمۇشى ناھايىتى غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدىكەن. ئاتا ـ ئانا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئوغلىنى ناھايىتى تەسلىكتە باقىدىكەن. ئوغۇل يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى باقى ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ بەتتەرلىشىپتۇ. ئانا ـ بالا ئىككىسى بارىدا توق، يوقىدا ئاچ يۈرۈپتۇ. بۇنداق جاپالىق كۈنلەر جېنىغا پاتقان ئانا بىر كۈنى ئوغلىغا:

— ئاپپاق بالام، سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتىدىغان ۋاقتىڭ بولدى، بىكار ئولتۇرماي چىقىپ يېگۈدەك نەرسە تېپىپ كىرمىسەڭ بولمىدى، — دەپتۇ.

بالا «ماقۇل ئانا» دەپ ئۆيدىن چىقىپتۇ. ئۇ كوچا ـ كويلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھېچنەرسە تاپالماپتۇ. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كوركىراپ كېتىپتۇ. ئۇ قايتاي دېسە قۇرۇق قول قايتىشقا رايى بارماپتۇ. دەل شۇ چاغدا، ئۇ يول بويىدىكى سامانلىقتىن بىر مېكىياننىڭ قاقاقلاپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ سامانلىقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قارىسا، سامان ئۈستىدە تۆت ـ بەش دانە تۇخۇم تۇرغانىكەن. ئۇ تۇخۇملارنى پەم بىلەن ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئوغلى ئېلىپ كەلگەن تۇخۇملارنى كۆرۈپ ئانىنىڭ چىرايىغا خۇشاللىق يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ بالىسىنىڭ بۇ تۇخۇملارنى نەدىن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سوراشنىڭ ئورنىغا بالىسىنى ماختاپ ئۇچۇرۇپتۇ. بالا كۆڭلىدە: «ئانام ئەجەب بۇ تۇخۇملارنى نەدىن، قانداق ئېلىپ كەلگىنىمنى سورىمىدىغۇ، قارىغاندا ياخشى قىلغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ كۈندە شۇ سامانلىققا بېرىپ تۇخۇم ئېلىپ كېلىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئانا ئوغلىغا:

— جان ـ جىگىرىم ئوغلۇم، سېنىڭ تولىمۇ پەملىك بار. ئېلىپ كەلگەن تۇخۇملىرىڭ پەقەت بىر ۋاقىتلا تاماق بولىدىكەن. شۇڭا، سەن ئاشۇ تۇخۇم تۇغقان توخۇنىلا ئېلىپ كەلسەڭ بىر قانچە كۈن يەيتتۇق ئەمەسمۇ، — دەپتۇ.

بالا ئانىسىنىڭ گېپىنى يىرالماي ھېلىقى سامانلىققا بېرىپ توخۇنى تۇتۇپ كەپتۇ. ئانىسى بۇنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇش بوپتۇ. ئۇ ئوغلىغا توخۇنى ئۆلتۈرگۈزۈپ، ئىچ ـ باغرىنى تازىلىتىپتۇ. ئۇلار توخۇ گۆشىنى بىرقانچە كۈن يەپتۇ. بۇ ئىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىپتۇ.

بىر كۈنى ئانىسىنىڭ يەنە ئاغزى ئېچىلىپتۇ:

— جېنىم قوزام، بەك يارامىلىق چوڭ بولدۇڭ، تۇخۇم، توخۇ دېگەن نەرسىلەر بىزگە بىرنەچچە كۈنلا يېتىدىكەن. شۇڭا، مۇمكىن بولسا قوي، كالا دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلسەڭ ياخشى بولاتتى.

بالا گەپمۇ قىلماي سىرتقا مېڭىپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، بىر ئېتىزلىقنىڭ چېتىگە باغلاپ قويۇلغان كالىغا كۆزى چۈشۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى قۇمۇل شەھەر ئاستانە بازىرىدىن مەھمۇت نىياز، توپلاپ رەتلىگۈچى قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەكتىن دەم ئېلىشقا چىققان)







مەكىت دېھقانلار رەسىملىرىدىن

ئىناق ئائىلە



گۈزەل باي مېنىڭ يۇرتۇم (ماي بوياق)

ئابلەت ئوسمان سىزغان


# بۇلاق

# 源 泉 (布拉克)

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 158 ـ سان

(维吾尔文) 总158期

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

باش مۇھەررىر: ئەلى توختى مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۇختار ماموت

主编：艾力·托合提 副主任：穆合塔尔·马木提

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر)
ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐八家户彩印有限公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1005-0876
خەلقئارالىق ئۇلىچەملىك ژۇرنال نومۇرى: Q1118
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118 پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108 باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043

国内统一连续出版物号：ISSN 1005-0876
国外发行号：Q1118 邮政编码：830001
邮政代码：58-108 定价：8.50元
广告经营许可证号：6500006000043